مەملىكەت بويىچە 100 نوپۇزلۇق ژۇرنال مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈردىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

3

# MIRAS(HERITAGE)OFUYGHURFOLKCULTURE



美拉斯

2015

ISSN 1004-3829
06>
9 771004 382027


شادىمان بالىلار

# مىراس


قوش ئايلىق ژۇرنال 2015 - يىل 3 - سان

(ئومۇمىي 149 - سان)


## يورۇق يۇلتۇزلار


هاياتقا بېغىشلانغان قەلب ...... پاشاگۈل ئىسمائىل تۇردى ھاجى قىزى (1)


## دەۋر ۋە ئەنئەنە


ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ سۈپىتى جەمئىيەت ئىناقلىقىنىڭ كاپالىتىدۇر ........
........................................ ئابدۇرۇپ نىياز داموللام (6)


## بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا


ئاھ، دەرىخا ........................ ئابلەت ئابدۇللا (9)


## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى


ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق ئاتالمىلىرى ھەققىدە ..................
........................................ خەمىت ئالىمجان (18)
«تاھىر - زۆھرە» داستانى ۋە ئۇنىڭ ۋارىيانتلىرى ... غالىب بارات ئەرك (39)


## گۈزەللىك ئوندۇر، توققۇزى توندۇر


ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قىشلىق كىيىمى — جۇۋا ...... گۈلنۇر تالىپ (24)


## ئايدىڭ كېچىلەر


قىز - يىگىتلەرنىڭ مۇھەببەت قوشاقلىرى ... تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (27)





نەشرىيات باشلىقى، باش مۇھەررىر:
**ئازاد سۇلتان** (پىروفېسسور، دوكتور يېتەكچىسى)
مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
(قانۇنىي ۋەكىل، ئالىي مۇھەررىر)
جاۋابكار مۇھەررىر: **خۇرسەنئاي مەمتىمىن** (مۇھەررىر)
مۇھەررىرلەر: **نۇرنىسا باقى**
**خۇرسەنئاي مەمتىمىن**
**ئەزىزەم تۇيغۇن**

**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
**نەشر قىلغۇچى:** «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت
**Tel: (0991) 4554017**
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
**CN65 - 1130 / I**
خەلقئارالىق نومۇرى:
**ISSN1004 - 3829**
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E-mail: **mirasuyghur@126.com**
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: **1130BM**
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: **6500006000040**
باھاسى 6.00 يۈەن
جۈپ ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

# مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!

## تۆگمەس بۇلاق

كىتاب ۋە بىز ........ ئەركىن مۇھەممەد (35)

## ئادەت قىرىماس

ئۆلۈم ئۈزىتىش ئادەتلىرىمىز ئۈستىدە ئىزدىنىش ... ھاۋاخان ئىبراھىم (47)
ئۇيغۇر بىناكارلىقىدا تۆگلۈك ........ ئابدۇقەييۇم مىجىت (56)
«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى ئاياللارنىڭ ھۈنەر-كەسپىگە ئائىت بايانلار ........ ئىسرائىل مۇتىللا (66)

## گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار

مەسەللەر ........ مۇھەممەت ئىمىن (53)

بۇ يىل «مىراس» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىغا 32 يىل بولدى. بۇ مۇبارەك ژۇرنال ئۆزىنىڭ 32 يىللىق شانلىق تارىخىدا 149 سان نەشر قىلىندى، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر سانى، ھەر بىر پارچىسى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق تارىخىدىن، ئەنئەنىلىرىمىزدىن، ئېسىل ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزدىن دەۋرىمىزگە مول ۋە قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى تەقدىم قىلدى. «مىراس» ژۇرنىلى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق نامايەندىلىرىدىن تۈزۈلگەن گۈزەل مەنىۋى گۈلىستان!

بىز ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 32 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزنى سۆيۈپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز!

ژۇرنىلىمىزنى ئېسىل ئەمگەك نەتىجىلىرى بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ئاپتورلىرىمىزغا چىن قەلبىمىزدىن تەشەككۈر ئېيتىمىز!

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەزىزەم تۇيغۇن
تەكلىپلىك كوررېكتور: مۇنىرە مۆمىن
كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تىلىۋالدى، مەريەمگۈل ئىدرىس

مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدىكى رەسىمنى **نەۋبەت** سىزغان
ئىچ بەتتىكى سۈرەتلەرنى **نەۋبەت** تەمىنلىگەن

Chief editor: Azad Sultan
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Hursanay Mamtimin

# 保护文化遗产
# 捍卫精神家园

社长，总编：
**阿扎提·苏里坦**
教授，博导
副社长，副总编：
**木合塔尔·买买提**
（编审，法人代表）
**本期责任编辑：**
**胡尔仙阿依·买买提明**（编辑）
编辑：
**努尔尼沙·巴克**
**胡尔仙阿依·买买提明**
**艾孜再木·吐依洪**

主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版：《美拉斯》杂志社（乌市友好南路716号文联14层）
电话：(0991)4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I 国外统一刊号：ISSN1004—3829 邮政代号：**58—60**
**E_mail**: mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
广告许可证号：6500006000040
邮编：830001
定价：6.00 元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federa_tion of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 _ 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 _ 3829
PostCode : 58 _ 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥



# ھاياتقا بېغىشلانغان قەلب

پاشاگۈل ئىسمائىل تۇردى ھاجى قىزى



تەھرىر ئىلاۋىسى:

ئابدۇرۇپ نىياز داموللام ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر دىنىي زات، شۇنداقلا تىرىشچان يازغۇچى.

ئۇ «مىراس» ژۇرنىلىمىزنىڭ ئەقىدىلىك ئوقۇرمىنى، ژۇرنىلىمىزنىڭ تۆھپىكار يازغۇچىلىرىنىڭ بىرى. يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بېرى نادانلىق، ئەقىلسىزلىق، تەرىقچىلىك كۈچىيىپ جەمئىيەت مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ناچار كەيپىياتنى شەكىللەندۈرگەندە ئەلگە تونۇلغان بۇ دىنىي زات ئۆزىنىڭ ئىلغار پىكىرلىرى، ئاقىلانە مەسلىھەتلىرىنى ماقالە قىلىپ يېزىپ كەينى-كەينىدىن «مىراس» ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلغان ۋە بەلگىلىك تەسىر قوزغىغانىدى. بەختكە قارشى ئابدۇرۇپ نىياز داموللام يېقىندا قازا قىلدى. مەرھۇمنى ئەسلەپ مۇۋاپىق ئەھمىيەتلىك ئىشلىرىنى خاتىرىلەش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش مەزمۇنىدا يېزىلغان «ھاياتقا بېغىشلانغان قەلب» ناملىق ماقالىسىنى بۇ سانغا بەردۇق. ماقالە ھەممىمىزنىڭ مەرھۇمغا بولغان سېغىنىشلىق ھېسسىياتىمىزغا ۋەكىللىك قىلالايدۇ دەپ ئويلايمىز.

ھايات ئادەمگە مەڭگۈلۈك ئەمەس، ئەمما مەڭگۈلۈك بولىدىغىنى ئۇنىڭدىن قالغان ئىز، ماڭغان قەدەم، قول بىلەن تۇتۇپ، مېھرىنى بېرىپ قىلغان ئىش. قوشۇق كاللىچىلىك باشنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، تەپەككۇرنى ئويغىتىش. ئويغاتقان تەپەككۇر ئىچىدە ئىجاد يارىتىش، ئۈمىد ۋە ئارزۇدا ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە ئويلىنىش. ئۆزىنى مەنىۋى مۇكەممەللىككە يۈزلەندۈرۈش. ئىلىمنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆگىنىش، ئۆگىنىش ئۈچۈن زوق-شوق بىلەن ياشاش، مانا بۇ ھايات.

چېخوپ: «كىمكى ھېچ نەرسىنى ئىزدىمىسە، ھېچ نەرسىدىن ئۈمىدۋار بولمىسا، ھېچ نەرسىدىن ئەنسىرىمىسە ئەدەبىياتچى بولالمايدۇ» دېگەنىدى. مېنىڭچە، بۇنداق كىشىلەر ئەدەبىياتچى تۇگۇل، ياخشى ئىنسانمۇ بولالمايدۇ.

2015-يىل 2-ئاينىڭ 7-كۈنى ھاۋا ئوچۇق، فېۋرالنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان شۇۋرغانلىق كۈنى باشلانغاندەك تۇراتتى. كېچە يېنىپ تۇرغان يۇلتۇز ئىچىدىن بىر

يۇلتۇز سىرغىدى. بۇ نۇرلۇق، چولپان يۇلتۇز ئىدى. كۇچا ئاسمىنى دەقىقە تىترەپ كەتتى.

كۇچا ناھىيەلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىدا، سوغۇق، زىمىستان كۈنلىرى ئىچىدە ئولتۇرۇپ، ئايىغى، كۆتمەك ساقاللىرى قىزىرىپ پىشقان توقاچتەك مەڭزىگە خويمۇ ياراشقان، ھەمىشە كۈلۈمسىرەپلا تۇرىدىغان مېھرىلىك قوي كۆزلىرىدىن بىر خىل چېچەنلىكى، زېرەكلىكى چىقىپ تۇرىدىغان، پەندىمۇ، دىنىدىمۇ ئوخشاش ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئوتتۇرا يول تۇتۇپ، ياشاپ، خەلق بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى ياخشى كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ كەلگەن بۇ كىشى ئابدۇرۇپ نىياز داموللام ئىدى. 65 يىللىق ھاياتىنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ، ھالال ياشاپ، خەتچىلىكتىن ئىبارەت تىرىكچىلىك بىلەن بىر ئائىلە ئەزالىرىنى بېقىپ كېلىۋاتقان بۇ ئەدىب بىز بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالىشىپ، نۇرغۇنلىغان قەلبداش، قەلەمداش ھەمسۆھبەتلىرىگە خوشمۇ دېمەستىن كېتىپ قالدى.

تېخى ئۇلۇشكۈن 2015 - يىل 7 - فېۋرال ئۇ كۇچا ناھىيەلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە، رادىيو ئىدارىسىنىڭ يېڭىدىن سېلىنغان ھەيۋەتلىك بىناسىنىڭ يىغىن زالىدا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، دوكتورلار يېتەكچىسى، پىروفېسسور، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى، ھۆرمەت ساھىبى ئازات رەھمىتۇللا سۇلتانى «ئىلىم ئۆگىنىشكە يۈرۈش قىلايلى» دېگەن تېمىدا لېكسىيە سۆزلىگەندە، ئالدىنقى قاتاردا ئولتۇرۇپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاغزىدىن تۆكۈلگەن ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى بىر - بىرلەپ قەلبىگە نەقىش قىلىپ ئويۇۋېلىشقا تىرىشىۋاتاتتى. ئەل سۆيگەن مۇئەللىم، جامائەت ئەربابى، ئەدەبىياتشۇناس ئازات رەھمىتۇللا سۇلتان كۆسەن دىيارىنىڭ ئۆزىگە سۇنغان خۇش پۇراقلىق بىر دەستە گۈلنى مانا بۇ مۆتىۋەرگە تەقدىم قىلغاندا، زالدا يەنە بىر قېتىم گۈلدۈراس ئالقىش ياڭرىدى.

ھەرىپەتپەرۋەر دىنىي زات، تىرىشچان، ئىجتىھاتلىق يازغۇچى ئابدۇرۇپ نىياز داموللام 2015 - يىل 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى 30 :7 دا تۇيۇقسىز مېڭىگە قان چۈشۈش سەۋەبىدىن داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ئالەمدىن ئۆتتى.

ھايات ئۆزىنىڭ تۈمەنمىڭلىغان سىرلىرى بىلەن ئىنسانىيەت دۇنياسىنى ئاۋۇندۇرۇپ تۇرىدىكەن. تونۇگۈن كۆرگەنلەر بۈگۈن يوق. ھەي، ھاياتلىق. «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد» دەپتىكەن بىزنىڭ چوڭلىرىمىز، ھاياتلار تارىخنى خاتىرىلىگۈچى.

ئابدۇرۇپ نىياز داموللام 1950 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كۇچا كونىشەھەر كۈچېرىق مەھەللىسىدە دىنىي زات ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.

تۆۋەنگە چۈشۈش سىياستى بىلەن ئائىلىسى كۇچا ناھىيە ياقا بازىرى قاراڭغۇ كەنتىدە تۇرۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرلىرى شۇ يەردە ئۆتۈپ، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى شۇ يېزىدا تاماملىغان. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىدىن باشلاپلا، ئەدەبىيات ۋە تارىخقا ئوتتەك قىزىقىپ، نۇرغۇنلىغان مەشىق شېئىر ۋە قوشاقلارنى يازغان، مەكتەپنىڭ قارا دوسكا، «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتلىرىدە بىر قىسىم ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنىپ، «بالا يازغۇچى» دەپ تەرىپلىنىپ، كۆپلىۋاتقان يۈرىكىگە پىلىك يېقىلغان. يازغۇچىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن يىلى سولچىل لۇشيەنىنىڭ قارا بورىنى كۆتۈرۈلۈپ، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىن ئىبارەت بالايىئاپەتنىڭ باشلىنىش يىللىرىغا توغرا كېلىپ قېلىپ، سىياسىي جەھەتتىن مەسىلە بار ئائىلىنىڭ پەرزەنتى دەپ چەتكە قېقىلىپ، يۇقىرى ئۆرلەپ، ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا بىلىم ئىگىلەش ئارزۇ - ئارمانلىرى كۆپۈككە ئايلىنىپ، يېزىدا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. مەرھۇم ئاتىسى نىياز داموللام مەشھۇر مۇدەررىس، چوڭ ئۆلىما ئاخۇنۇم، ئىسلام دىنى مائارىپچىسى بولۇپ، ئۇ بىر تەرەپتىن دېھقانچىلىق قىلغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن ئاتىسىدىن دىنىي ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتاتتى. كىچىكىدىن يۈرىكىگە تۇتاشقان ئوت ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، شېئىر، ماقالە يېزىپ، مەتبۇئاتلارغا ئەۋەتىپ، ئانچە - مۇنچە ئېلان قىلدۇرۇپمۇ تۇردى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، سىياسەت ئەمەلىيلىشىپ، پارتىيەمىزنىڭ دانا رەھبەرلىكىدە، ئۇلار كۇچا كونىشەھەرگە قايتىپ كېلىپ، مەھەللىسىدە بىر مەزگىل ئىماملىق قىلدى. ئەمما، ئىزچىل كىتاب ئوقۇشنى، يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشنى بىر



كۇنمۇ توختىتىپ قويمىدى. 1988 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنى-
ۋېرسىتېتى ئەدەبىيات، تارىخ پەنلىرى بويىچە كۇچادا
ئاچقان ئىككى يىللىق ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتنىشىپ، بىلىم
ئاشۇرۇپ، ئالىي تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە
يەتكەن. مەسچىتلەردە ئىمامەتچىلىك قىلىۋاتقان ئەجەبا بىر
دىنىي زاتنىڭ يەنە ئۈزلۈكسىز پەننىي ئىلىملەرنىمۇ ئۆگىنى-
شى، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش يولى بىلەن جۇڭگونىڭ ھازىر-
قى زامان ئەدەبىيات كەسپىدىن ئالىي تېخنىكومنى پۈتكۈز-
گەنلىكى بىزگە ئادەم بولۇشنىڭ، ھاياتلىقنىڭ ئوتتۇرا يولى-
نى كۆرسىتىپ بەرمەمدۇ؟

بەش جان ئادەمنىڭ تىرىكچىلىكى ئۈچۈن سومكىسى-
غا كىرەكلىك نەرسىلەرنى سېلىپ، كۇچا ناھىيە يېڭىشەھەر
پوچتىخانا ئالدىدا خەلق ئاممىسىنىڭ خەت ـ چەكلىرىنى
يېزىپ بېرىش مۇلازىمەت كەسپى بىلەن تاكى ئۆمرى ئا-
خىرلاشقىچە شۇغۇللاندى. بىر كۇنى ئۇ ماڭا: «قىزىم،
مېنىڭ بۇ ئىش ـ ئوقتىمنىڭ كىرىمى ئائىلىقچىنىڭ كىرىمىگە
يېتىپ قالدۇ، بەزى ئايلاردا ئېشىپمۇ كېتىدۇ، بەزى ئاي-
لاردا ئاز بولۇپ قالدۇ، لېكىن قەلەم ھەققىدىن كۆپ
ياخشى جۇمۇ» دەپ ئۆز ئىشىدىن سۆيۈنۈپ كۇلگەنىدى.
ئۇ ئاساسەن كىشىلەرنىڭ تەشكىلي رەھبەرلىك ئورۇنلىرى-
غا ئىلتىماس، كېلىشىم ـ توختامنامە، بەيئىنامە (ئۆي ـ
زېمىن سودىسىغا يېزىلىدىغان ھۆججەت) ۋەسىيەتنامە...
قاتارلىقلارنى يېزىپ بېرىپ، ھاياتىنىكى ھەرىكەتنى داۋام-
لاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ ياشاپ كەلگە-
نىدى.

«بەزىدە كەچتە ئۆيگە كېلىپ، ۋاي پۇتۇم، ۋاي
بېلىم، دەپ ۋايساپ كېتەتتى. پۇتى، بېلى قىشتا ئاغرىيتتى.
قىش بولسىلا پۇتۇم ئىسسىمايدۇ دەيتتى. ئۇنداق بولسا
ئەتىدىن باشلاپ، چىقمىسىلا ئۆيىدە ئارام ئالغاچ، كىتابلى-
رىنى ئوقۇپ، يېزىقچىلىقلىرىنى قىلسىلا، سەيپۇڭلۇقۇمدىن
كىرگەن كىرىم بىلەن ياشاپ تۇرايلى، بالىلارمۇ چوڭ بو-
لۇۋاتىدۇ، رىزقىنى بېرە دېسەم، ياق، بولمايدۇ. خوتۇن،
مەن پۇتۇن ـ سۇرۇك ئەر تۇرۇپ، سىلىنىڭ قولۇڭلىغا
قاراپ ياتامدىم، مەن سىلىنى، بالىلىرىمىزنى، مۇشۇ ئۆيىنى

بېقىشىم كېرەك دەيتتى ـ دە، بىرەر كۈن ئارام ئېلىپلا، يەنە چىقاتتى رەھمەتلىك» دەپ كۆز يېشى قىلدى 60 لاردىن ئاشقان ئۇمۇر جۇپتى.

«دادام كىتابنى بەك ياخشى كۆرەتتى، ئازراق تۇرمۇشىدىن ئېشىنىپ قالسىلا كىتاب ئالاتتى. ئاخشاملىرى كىتاب ئوقۇيتتى. مەن چوڭ بولدۇم، دادا، كىچىكرەك بولسىمۇ مەن ئاچقان تاللا بازىرىنىڭ سودىسىمۇ خېلى يامان ئەمەس، ئەمدى ئارام ئالسىلا، ئەگەر ھۆكۈمەتكە ئىشلىگەن بولسىلا، پېنسىيەگە چىقاتتىلا دېسەم، رەھمەت بالام، ئىنسابىڭغا بارىكاللا، سېنىڭمۇ ئۆيۈڭ، باقىدىغان خوتۇن ـ بالىلىرىڭ بار، سالامەتلىكىم ياخشى بولغاندىن كېيىن مىدىراپ تۇراي، ئۇ يەرگە چىقسام، ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ ھال ـ مۇڭ بولۇپ تۇرىدىكەنمەن، كۆڭلۈممۇ ئېچىلىپ قالىدىكەن» دەيتتى دادام.

بىر كۈنى دادام ئۆيگە شۇنداق خۇشال، روھلۇق كىرىپتۇ. «ناھىيەمىزنىڭ ھاكىمى ھەسەنجان ھاكىم ماڭا بىر كومپيۇتېر بەردى، يېزىقچىلىقنى مۇشۇنىڭدا قىلسىلا، پارتىيەمىزنىڭ ياخشى سىياستىنى، كۆچانى كۆپلەپ تەشۋىق قىلسىلا، خەلقنىڭ بەختىيار، خاتىرجەم تۇرمۇشىنى يازسىلا دېدى، قاراڭلار، مانا خاتىرە كومپيۇتېركەن، ئۆز قولى بىلەن بەردى، دەپ كىچىك بالىدەك خۇش بولۇپ كەتكەنىدى. ياشىراق بولغان بولسام ئۆگىنەتتىم، ئەپسۇس 60 تىن ئاشتىم، شۇنداقتىمۇ تىرىشىپ باقاي، ئىلگىرىمۇ ھەسەنجان ھاكىم كىتاب، خاتىرە بەرگەن» دەپ دادام نەچچە كۈنگىچە كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىگە سۆزلەپ، خۇشلۇقىنى بىلدۈرەتتى، ـــ دېدى ئوغلى ماڭا ئۆتكەنلەرنى ئەسلەپ ھەسرەت بىلەن.

ئوقۇتقۇچى، يازغۇچى، شائىرلىرى، ئالىم، زىيالىيلىرى قەدىرلەنمىگەن ئەل خارابتۇر. دۇنيادىكى تۆت ئالىمنىڭ بىرسى بۈيۈك بۇددا ئالىمى، شائىر، ئەدىب، تەرجىمەشۇناس كومراجىۋا چەت ئەلدە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، قايتىپ كەلگەندە، كۇسەن خانى ئاقارى پاك ئالتۇن كۇرسىدا ئولتۇرغۇزۇپ، دۇمبىسىگە دەسسەپ مىڭشى ئۈچۈن دۇمبىسنى تۇتۇپ بەرگەندە، پۇتون ۋەزىر، لەشكەرلىرى دۇمبىسىنى تۇتۇپ بېرىپ، دۇمبە روھىنى ياراتقان يۇرتنىڭ بۇگۈنكى ئاتىلىرىمۇ، ئەجداد روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، يازغۇچى، شائىرلىرىنى يەنىلا ھۆرمەتلەۋاتاتتى.

مانا كۆچا خەلقىنىڭ بۇنداق قىممەتلىك، دۆلەت ئەگگۈشتەرلىرنى قەدىرلەيدىغان كادىرلىرى، رەھبەرلىرى بار. بۇ نېمىدېگەن ئۇلۇغ روھ ـ ھە! ھۆكۈمەتتىكى بىر دوستۇمنىڭ دېيىشىچە ئابدۇرۇپ نىياز داموللامنى ھۆكۈمەتتىكى كۆپلىرى تونۇيدىكەن. ھەسەنجان ھاكىمنىڭ ئىشخانىسىغا پات ـ پات كىرىپ، ھال ـ مۇڭنى تۆكۈپ، يازغان ئەسەرلىرى توغرۇلۇق پاراڭلىشاتتىكەن، ھاكىم قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ھال سوراشنى ئورۇنلاشتۇراتتىكەن.

دادام:

ـــ بالام مېنى ئۈرۈمچىگە ئاپارساڭ، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە كىرسەك، ئازات سۇلتان رەئىسىمىز بىلەن كۆرۈشسەم، مىجىت ناسىر بىلەن ھال ـ مۇڭ بولۇپ كەلسەم بولاتتى، ـــ دېدى. مەن ماقۇل ئاپىراي دەپ ئاپارغانىدىم. دادام رەھمەت بالام، تىلىكىمگە يەتكۈزدۈڭ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە كىرىپ، ئۆزۈمنى كاتتا جايغا بارغاندەك ھېس قىلدىم. بۇ يەردە ئاقلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزۈمنى يېڭىدىن بىر ئالىي بىلىم يۇرتىغا كىرىپ، ئوقۇغاندەك ھېس قىلدىم. ساڭا كۆپ تەشەككۈر ئوغلۇم دېگەنىدى دادام خۇشال بولۇپ، ـــ دېدى ئوغلى ئەسلەپ.

ئابدۇرۇپ نىياز داموللام ھاياجان بىلەن قەلەم تەۋرەتكەن، ئەدەبىياتقا سەممىيلىك بىلەن ئەقىدە قىلىپ قەلەم تەۋرەتكەنىدى.

ھەر بىر ئەسەرگە ھارارەت بەرگەن نەرسە يازغۇچىنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى ھاياجان، پىداكارلىق، جاسارەت، چىداملىق ۋە ھېسسىيات ئۇچقۇنلىرىنىڭ مۇجەسسەمدۇر.

ئۇ زوق بىلەن يازاتتى، تۇرمۇشى ياخشى بولمىسىمۇ، ھاياتنىڭ تۇرلۇك دوقاللىرىدا چايقىلىپ، ھەر تۇرلۇك قىيىنچىلىق، مۇشەققەتلىك كۈنلەر، جاپالىق ياشاش، كۆتۈرۈپ ـ قوپقۇسىز دەرد ـ ھەسرەت قايناملىرىدا، بىردە چۆكۈپ، بىردە لەيلەپ، زوق بىلەن يازاتتى. چۈنكى ھەر بىر پارچە ئەسىرىنىڭ مەتبۇئاتتا يۇز كۆرۈشۈشى بىلەن خەلقى ياغدۇرغان ئالقىش، مەدەت بىلەن مىجىت ناسىر، ئازات سۇلتاندەك شەخسلەرنىڭ سەممىي تىلەكلىرى كۈچ بېغىشلايتتى. پارتىيەمىزنىڭ ئاكتىپ تەشۋىقاتچىسى ئىدى،

ياخشى ئىش ئىزلارنى خەۋەر قىلىپ، مۇخبىرلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىناتتى.

ئۇ ئۆزىگە يول كۆرسەتكەن، ياخشىلىق قىلغان، ياردەم قىلغانلارنى پات - پات ئەسلەيتتى، تىللاردا داستان قىلاتتى. بىر كۈنى بىر ئىش بىلەن پوچتىخانىغا كىردىم، ئادىتىم بويىچە ئالدى بىلەن بۇ مويسىپىت ئۇستازغا سالام بەردىم. سومكىسىدىن شەرەپ گۇۋاهنامىلىرى ۋە ئەزالىق كىنىشكىلىرىنى كۆرسەتتى ھەمدە «هاياتىمدا كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلغان مىجىت ناسىر، ئازات سۇلتان، كۇچادا رەھمەتلىك ئەخمەت تۆمۈر بىلەن ھەسەنجان هاكىم قاتارلىقلارنى ھەر ۋاقىت ئەسلەپ تۇرىمەن، ھەر بىر دۇئالىرىمدا ياخشى تىلەكلەرنى تىلەيمەن. مەن بۇ ئازاد زاماندىن، پارتىيەمىزنىڭ ياخشى سىياسىتىدىن تولىمۇ مەمنۇن. ھەسەنجان هاكىم بىز كۇچادىكى ئەدىبلەرگە ئاچقان سۆھبەت يىغىنىدا بىزنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە، تەرەققىي قىلغان شەھەرلەرگە ساياھەت ۋە ئېكسكۇرسىيەگە ئورۇنلاشتۇرىمىز، مۇقىملىق ھەممىدىن مۇھىم، كۇچانى سىرتقا تەشۋىق قىلىش كېرەك. بۇنىڭدا يازغۇچى، شائىرلارنىڭ كۈچى زور. 100 يىللاردىن بۇيانقى تەرەققىياتلارنى، ئۆزگىرىشلەرنى ياخشى يېزىڭلار دېدى. شۇنداق خۇش بولۇپ كەتتىم، ناهىيە رەھبەرلىرىمىزنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىدە ئىچكىرى ئۆلكىلەرنى كۆرۈۋالىدىغان بولدۇق - ھە! قىزىم» دېدى، ئاجايىپ بىر خىل زوق - شوخ بىلەن. ئۇ قەلبىگە ھۆرمەت ۋە ياخشىلىق دۆۋىلىرىنى قاچىلاپ، ئارمان بىلەن شۇنداق تۇيۇقسىز كېتىپ قالدى. مۇشۇ يەرنى يېزىۋاتقاندا كۆزلىرىمدىن ئىسسىق ياشلىرىم مەڭزىم بويلاپ ئاقتى. رەھمەتلىك شۇنچە ئۈمىدۋار ئىدى. بىر قاتار پەزىلىتىڭىز ۋە ئىلمي ئەمگەكلىرىڭىز بىلەن خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايسىز. ئارمىنىڭىز چېچەك ئاچقۇسى، خاتىرجەم ئۇخلاڭ، ھەر ۋاقىت روھىڭىز بىز بىلەن بىللە، — دېدىم ئۈنسىز.

مەرىپەتپەرۋەر ئىجتىمائىي پائالىيەتچى ئابدۇرۇپ نىياز داموللام هازىرغىچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»، «جۇڭگو مىللەتلىرى»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «مىراس»، «شىنجاڭ تارىخىي مەدەنىيەتلىرى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي ژۇرنىلى»، «بۇلاق»، «مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى»، «ئاسىيا كىندىكى»، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»، «كۇسەن مەدەنىيىتى»، «ئاقسۇ گېزىتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا 200 پارچىغا يېقىن ئەدەبىي ئەسەرلىرى، 200 پارچىدىن ئارتۇق خەۋەرلىرى ئېلان قىلىنغان. ئاشۇ بىر يۇرۇش نەتىجىلىرى بىلەن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئاخبارات مۇكاپاتىغا ھەم كۇچا ناهىيەلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، رادىيو ئىستانسىسى تەرىپىدىن كۇچانى سىرتقا تەشۋىق قىلىشتىكى ئىلغار شەخس دەپ باهالىنىپ شەرەپ گۇۋاهنامىسىگە ئېرىشكەن.

ئۇ پەننىي ۋە دىنىي بىلىم ئاساسلىرىغا تايىنىپ، يېزىپ چىققان كىتابى «مەرىپەت مەشئىلى»نى نەشرىياتقا تاپشۇردى.

ئۇ شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەم كۇچا ناهىيەلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

ئابدۇرۇپ نىياز داموللىنىڭ ئوغلى بىر خاتىرىنى ئېلىپ چىقىپتۇ. «دادام بۇ خاتىرىنى بەك ئەتىۋارلايتتى، نەگىلا بارسا سومكىسىغا سېلىۋالاتتى. كۆرۈپ باقامدىكىن دېدىم» دېدى.

ئۇنىڭدا مىجىت ناسىر، ئازات رەھمىتۇللا سۇلتان، مۇھەممەدجان راشىدىن، ئەخەت تۇردى، مۇھەممەد رەھىم، ياسىن مۇخپۇل، ئابدۇقادىر جالالىدىن، ئۆمەر سايىم، پەرھات ئىبراھىم، ھەسەنجان ئەخمەت، ئەنۋەر ئابدۇرازاق، نۇرنىسا ئابلا قاتارلىقلارنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى، مۇبارەت ئىمزاسى، تېلېفون نومۇرلىرى قالدۇرۇلغانىدى. مەن بۇ ئەسلىمىنى ئەل سۆيگەن تالانتلىق شائىر مۇھەممەدجان راشىدىن ئابدۇرۇپ نىياز داموللامنىڭ خاتىرىسىگە يېزىپ بەرگەن مۇنۇ شېئىرى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن.

يامان كۈنلەر مەن بىلەن كەتگەي،
ياخشى كۈنلەر سەن بىلەن قالسۇن.
مەنلا تارتاي تىكەن دەردىنى،
قىزىلگۈللەر سەن بىلەن بولسۇن!

(ئاپتور: كۇچا ناهىيە ئوچا ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

MIRAS

# ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ سەۋىيىسى جەمئىيەت ئىناقلىقىنىڭ كاپالىتىدۇر

ئابدۇرۇپ نىياز داموللام



ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق يىللىق ئىجتىمائىي تۇرمۇش پائالىيەتلىرى ئارقىلىق مول ئىجابىي تەجرىبىلىرىنىڭ مەھسۇلىدىن شەكىللەنگەن بولۇپ، مۇئەييەن قىممەت ياراتقان، بىز بۇنى ئۆز نۆۋىتىدە مىللىتىمىزنىڭ مۇقەددەس مەنىۋى بايلىقى دېيىشكە ھەقلىقمىز. مۇشۇ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مەنىۋى بايلىقىمىزنىڭ ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىۋاتقان دەۋر تەرەققىيات تارىخىنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، پۇت تىرەپ تۇرالىشى بىزنىڭ پەخىرلىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. ئەجدادلىرىمىز ئەدەپ-ئەخلاق مىزانىنى خېلى بۇرۇنلا جەمئىيەت ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا ئەڭ پايدىلىق ئامىل دەپ قاراپ، كۈچلۈك تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن ۋە راۋاجلاندۇرغان. بۇ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىمىز سولچىل لۇشيەن ئەۋج ئالغان ئىلگىرىكى قاباھەتلىك يىللاردا ئاياغ ئاستى قىلىنغان بولسا، يېقىنقى يىللاردا ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، چەتنىڭ ئىلغار پەن-تېخنىكىلىرىغا ئەگىشىپ، بەزىبىر چىرىك، چاكىنا مەدەنىيەتلىرىمۇ بىللە ئېقىپ كىرگەنلىكتىن ئۆزلىرىنىڭ قايسى مىللەت كىشىسىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى تازا بىلىپ كېتەلمىگەن بىر قىسىم ياشلىرىمىز چەتنىڭ زەئىپلەشكەن قالاق مەدەنىيىتىنى بىلىپ-بىلمەي ئۆزلىرىگە سىڭدۈرۈۋېلىشى تۈپەيلىدىن، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئۆزلۈكىدىن تاشلىنىپ قېلىش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى. مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق بىر ئىجتىمائىي مۇھىت بىخلىنىپ چىقىۋاتقاندا، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىمىز دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشقا بىرلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي ئەخلاق تەربىيىسىنى كەڭ قانات يايدۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىش بىلەن توغرا جەمئىيەت كەيپىياتى بەرپا قىلىشنى كۈچلۈك تەشەببۇس قىلدى. بۇ دەل ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان جەڭگىۋار چاقىرىق بولۇپ، پۇقرالارنىڭ ئەخلاق ۋە مەدەنىيەت

ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھا-
زىرقى چاكىنا مودا مەدەنىيەت ئېقىمىنىڭ جەمئىيەت مۇھى-
تىغا بۆسۈپ كىرىشى سەۋەبلىك مىللىتىمىزنىڭ ئەزەلدىن
بار بولغان ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئۆزىنىڭ خاسلىقى-
نى يوقىتىشقا يۈزلىنىپ، ئايرىۋېلىش قىيىن بولغان بىر
ئەبجەش مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈرگەنلىكتىن، كىشىلەرنىڭ
تۇرمۇش قارىشى ئۆزگىرىپ، پەقەت ماددىي بايلىقنىلا
تونۇشتىن ئىبارەت بۇ خاتا چۈشەنچە كىشىلەرنىڭ ئېڭىنى
بىر مەھەل چىرىتتى. مەنپەئەت ئۈچۈن، ھەتتا بەزىلەر دو-
زاخقىمۇ باشچىلاپ كىرىشتىن يانمايدىغان ھالەتكە ئۆتتى.
ماددىي بايلىقنىمۇ مۇھىم ۋە ئەۋزەل بولغان مەنىۋى
بايلىققا سەل قارالدى. ئىنساب- دىيانەت، ئەدەپ- ئەخلاق
بىر چەتكە قايرىپ قويۇلۇپ، مەنىۋى بۇلغىنىشنىڭ تۇرتە-
كىسىدە مەدەنىيەت بۇزغۇنچىلىقى باش كۆتۈردى. بىز
ئەمدى بۇنىڭغا سۈكۈت قىلىپ، بىر چەتتە قاراپ تۇرساق،
ئەجدادلىرىمىزغا يۈز كېلەلمىگەندىن سىرت، ئەۋلادلىرى-
مىزنىڭ كېلەچىكىگە مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن قارىغانلىقتىن
ئىبارەت جىنايەتنى سادىر قىلىمىز. كۆپلىگەن ياشانغان ئاتا-
ئانىلارنىڭ «تووۋا خۇدايىم بۇ جاھان نېمە بولۇپ كېتىۋاتى-
دۇ، قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىمىدۇ- بۇ، ياشلار يولدىن
چىقىپ كېتىۋاتىدۇ، بالا- چاقىلىرىمىز گەپ ئاڭلىمايدىغان،
بەڭباش بولۇپ كەتتى» دېگەندەك ئەلەملىك ۋايساشلىرى-
نى ئاڭلاپ تۇرىمىز. بۇنىڭ جاۋابى بىرلا، ئۇ بولسىمۇ بىز
پەقەت پۇل تېپىشنىلا ئويلاپ، باللىرىمىزغا بولغان ئىدى-
يەۋى ئەخلاق تەربىيەسىگە سەل قارىغانلىقىمىزدىن
بولدى. يەنە بەزى ئاتا- ئانىلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى
بەكلا تۆۋەن بولۇپ، ئۆزلىرىدە پەرزەنتنى تەربىيەلىگۈ-
دەك ساپانى ھازىرلىيالمىغانلىقىمۇ بىر سەۋەب. دېمەك،
ياشلارنىڭ يولدىن چىقىپ كېتىشلىرىنى، بالا- چاقىلىرىمىز-
نىڭ گەپ ئاڭلىماس بولۇپ قېلىشلىرىنى ياشلاردىنلا
كۆرسەك بولمايدۇ، بۇ سەۋەنلىكلەرنى ئاتا- ئانىلار ئۆزد-
مىزدىنمۇ ئىزدەپ كۆرۈشىمىز كېرەك. ياخشى ئائىلە تەر-
بىيەسى مۇھىتىدا ئۆسكەن نۇرغۇنلىغان ئەدەپ- قائىدى-
لىك، ئەخلاقلىق، مۇنەۋۋەر ياشلىرىمىز، ۋاپادار باللىرى-
مىزمۇ بارغۇ؟ بۇ يېتەرلىك تەربىيەنىڭ مەھسۇلى، ئەلۋەت-
تە. دەرۋەقە بۈگۈنكى ياشلىرىمىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىن-
سانىي پەزىلەتكە ئىگە گۈزەل ئەخلاقىغا ۋەكىللىك قىلىدى-
غان ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيدۇ.
بۇنى ياشلارغا ياشانغانلار ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈپ بىل-
دۈرۈشىمىز كېرەك. بىز بۈگۈننى كۆرۈپلا ئۆتكەن كۈن-
لەرنى ئۇنتۇپ قالساق ۋە ياكى ئەتىكى كۈنلەرنى سەگەك-
لىك بىلەن كۆرەلمىسەك، بۇ تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئىش بول-
مامدۇ؟ مەدەنىيەت خاسلىقىنى يوقاتقان بىر مىللەتنىڭ
دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدا تەڭ مەۋجۇت بولۇپ يۈت
تىرەپ تۇرالىشىدىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس،
بۇ تارىخ ئىسپاتلىغان پاكىت. بىز شۇ نۇقتىدىن ئەسلىمىز-
نى، يىلتىزىمىزنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك.
بۇ ھەقتە ئەمدى گەپ قىلمىساق بولمايدىغان چاغ
كەلدى. يەنى ئەجدادلىرىمىز ياراتقان ئەنئەنىۋى ئەدەپ-
ئەخلاق، قائىدە- يوسۇنلار قانداق ئىدى؟ ھازىر قانداق
بولۇۋاتىدۇ؟ بۇنىڭدىكى پەرق نەدە؟ ئىقتىساد تەرەققىي
قىلىۋاتقان بىلەن مەدەنىيىتىمىز گۈللىنىۋاتامدۇ ياكى چۆل-
دەرەۋاتامدۇ؟ مانا بۇ جىددىي ئويلىنىشقا ئەرزىيدىغان
مۇھىم بىر نۇقتا. تارىخنى ۋاراقلايدىغان بولساق، ئۇيغۇ
مىللىتىمىز ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئەجداد-
لىرىمىز شەرىئەت ئەھكاملىرىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي
تۇرمۇشتا زۆرۈر بولغان بىر قاتار ئەدەپ- ئەخلاق، قائى-
دە- يوسۇن، مىزانلىرىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپ، كىشىلەرنىڭ
مەنىۋىيىتىنىڭ ساغلام بولۇشىغا ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ
ھەقتە يېزىلغان بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئالىملىرىمىزدىن
لوقمان ھەكىم، شەيخ سەئدى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە
نەۋايى ئەسەرلىرىدىن باشقا نۇرغۇن پەند- نەسىھەت،
ھېكمەتناملەر بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن
روھىي ئوزۇق ئېلىپ كېلىۋاتىمىز. دېمەك، ئەجدادلىرىمىز
ئەينى ۋاقىتتىلا ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، زىنا قىلىش،
ئوغرىلىق قىلىش، بۇلاڭچىلىق، پارىخورلۇق، جازانىخور-
لۇق، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش، كىشىلەرگە ئازار- دەشنام
قىلىش، بوھتان چاپلاپ بىھۇدە زىيانكەشلىك قىلىش، ئۆچ
ئاداۋەتلىشىپ بۆلۈنۈش پەيدا قىلىش، دۈشمەنلىشىش قا-
تارلىقلارنى چوڭ گۇناھ ھېسابلاپ قاتتىق چەكلىگەندىن
سىرت، يالغان گەپ قىلىش، ھەسەتخورلۇق، تەكەببۇر-
لۇق، چېقىمچىلىق، غەيۋەت قىلىش، خۇشامەتچىلىك، ئىس-
راپچىلىق، رىياكارلىق، شەكلۋازلىق، ياسالمىلىق، دورام-
چىلىق، شارابخورلۇق (ھاراقنى داۋاملىق كۆپ ئىچىپ
مەست ھالەتتە يۈرۈش)، ھاياسىزلىق قاتارلىقلاردىنمۇ
بىردەك ناچار ئەخلاق قاتارىدا گۇناھى مەسىيەت ساناپ
ئەيىبلەپ توسقان ھەمدە ئىنساب- دىيانەتلىك، ئاق
كۆڭۈل، سەممىي، ساداقەتلىك، مۇلايىم، مېھىر- ۋاپالىق،
ئەدەپ- ئەخلاقلىق، ئىلمىي پەزىلەتلىك، تىرىشچان،
ھۈنەر كەسىپلىك بولۇپ، ئۆز ئارا ئىجىل- ئىناق، پاك،
ھالال ئەمگىكى ئارقىلىق ئادىمىيلىك بىلەن ياشاشنى تەۋپ
مىزان قىلغان. ئادەملەرنىڭ ئەسلىي زاتىمىز بىر مالائىكە

پەرىشتىلەردىن بولمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئەجدادلىرىمىز يا-
شىغان بۇرۇنقى جەمئىيەت كىشىلىرىمۇ ئوخشاش بولمىغان
ئەدەپ - ئەخلاق پىرىنسىپلىرىغا خىلاپ يا ئۇنداق، يا
مۇنداق نۇقسانلارنىڭ كۆرۈلمەسلىكىدىن ئىنسان تەبىئىيە-
تى بويىچە ئېيتقاندا، ساقلانغىلى بولمىسىمۇ، يېقىنقى زاماندا
ئۆتكەن ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ تۇتقان يولىدىن ۋە ئەمەلە-
يىتىدىن قارىغاندا، ئۇلار ئاق كۆڭۈل، ساپ دىل كىشىلەر
بولۇپ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىجتىمائىي ئەخلاق پە-
رىنسىپلىرىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ ئەمەل قىلغان. ئۇ
چاغلاردا چاي زىياپەتلىرىدە ۋە باشقا تۇرلۇك جامائەت
سورۇنلىرىدا ئەدەپ - ئەخلاق ھەققىدە ئالىم، ئۆلىمالار
ئەمىر - مەرۇپ، پەند - نەسىھەت قىلىپ چۈشەنچە بېرەت-
تى. ئەمدى بۈگۈنكى سورۇنلىرىمىزدىچۇ، ئۇنىڭ ئەكسى-
چە غەيۋەت - شىكايەت، ئۇرۇش - جېدەل قىلىش، ئۆزد-
نىڭ بايلىقىنى باشقىلارغا كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن كۆز -
كۆز قىلىدىغان، ھەشەمەتچىلىك قىلىدىغان، چېكىدىن
ئاشقان ئىسراپچىلىق، شارابخورلۇق، ئىشرەتۋازلىق.. ھا-
ياسىزلىق ئىگىلىدى. پەند - نەسىھەت بارغانسېرى ئازلاپ
ياكى يوقاپ كەتتى. شۇ سەۋەبتىن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش
سەۋىيەسى بىر قەدەر ئۆسكەن بىلەن ئەخلاق ساپاسى تۆ-
ۋەنلىدى. مانا بۇ تولۇقلاشقا تېگىشلىك بىر بوشلۇق.
بۇنى پەقەت ئائىلە تەربىيەسى، مەكتەپ ۋە جەمئىيەت
تەربىيەسىدىن باشقا يەنە جامائەت سورۇنلىرىدىمۇ
تەشۋىق - تەربىيەنى ئاساس قىلغان مەرىپەتنى يولغا قويۇ-
شىمىز، بۇنى بارچە كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ
ئەدەپ - ئەخلاق ئېڭىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق، جەمئىيەت
كىشىلىرىمىزنىڭ ۋە كېلەچەك ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئەخلاق
ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ شەرم - ھايالىق،
ئەدەپ - ئەخلاقلىق يارامىلىق ئادەم بولۇپ، چوڭلارنى
ھۆرمەتلەيدىغان، كىچىكلەرنى ئىززەتلەيدىغان، گەپ -
سۆزدە مۇلايىم، يېقىملىق، ئىلمىي پەزىلەت يېتىلدۈرگەن
سالام - سەھەت قىلىشنى بىلىدىغان، باشقىلارغا مېھىر -
شەپقەت، ئىللىقلىق يەتكۈزىدىغان، ئەمگەكنى سۆيىدىغان،
ئىقتىسادچىل، تىرىشچان، كەمتەر، بىلىملىك بولۇشىغا، ئۆز
مىللىتىمىز بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەك، يۈرۈش
- تۇرۇش، گەپ - سۆز، قائىدە - يوسۇن تەرتىپلىرىنى بە-
لىشكە، ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە قانۇن - پىرىنسىپلارغىمۇ
ئاڭلىق رىئايە قىلىشقا يېتەكلىشىمىز لازىم. يەنە شۇنىمۇ
چۈقان سېلىپ تەۋسىيە قىلىش زۆرۈركى: خانىم - قىزلىرد-
مىزدىكى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ئۇزۇن ئۆرىمە
چاچلار، بېشىدىكى ياغلىق، ئۇچىسىدىكى يارىشىملىق
ئۇزۇن كۆڭلەك، ئىشتانلار يوقاپ، ئەۋرەتلىرى ئوچۇق
قالمىسۇن! قىز - جۇۋانلىرىمىزنىڭ شەرم - ھايالىق، جەز-
بىدار نازاكىتى بىلەن يېشىل مەرۋايىتتەك چاقناپ تۇرىدد-
غان نۇرلۇق سىماسى خىرەلەشمىسۇن! يىگىتلىرىمىزنىڭ بې-
شىدىكى يارىشىملىق ئۇيغۇر دوپپىلىرىمۇ ئۆيدىكى قوزۇق-
قا ئېسىپ قويۇپ خارلىنىپ قالمىسۇن! بېشىمىزدا جۇلالە-
نىپ كۆن كۆرۈپ تۇرسۇن! يىگىتلىرىمىزنىڭ ئەرلەرگە
خاس سالاپەت بىلەن يۈرگىنى ياخشى. يىغىنچاقلاپ ئېيت-
قاندا، مىللىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى دەۋرىمىز ئىج-
تىمائىي ئەخلاقىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى ئىكەنلد-
كىدىن ئىبارەت تارىخىي رېئاللىقنى مەڭگۈ ئەستىن چە-
قارماسلىقىمىز كېرەك. ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىنىش ئادەتلىرد-
دىكى تەق - تۇرقى پەقەت سەھنىلىرىمىزدە كۆرسىتىلىش
بىلەنلا چەكلىنىپ، ئەمەلىي تۇرمۇشىمىزدا مەۋجۇت بولمە-
سا مودا قوغلىشىپ، مايمۇندەك قىلىپ ئۆزىمىزنىڭ بىر
ئوبدان ئۇيغۇرلۇق گۈزەل قىياپىتىمىزدىن چېنىپ غەيرىي
مىللەتلەر سياقىغا ئۆزگىرىپ كىرىۋالساق ئۇ ھالدا بۇ تو-
لىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولمامدۇ ؟!

(ئاپتور: كۈچا ناھىيە كوچىئېرىق ئاھالىلەر رايونىدا)


## بىلدۈرگۈ

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

نەشرىياتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق سانلىرىدىن 2012 - يىللىق سانلىرد-
غىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، يەككە باھاسى 200 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچى: خۇرسەنئاي مەتىمىن Tel: (0991) 4554017



ئاھ- دەرىخا دەردى بىلەن،
مەن ئادا بولدۇم نېتەي.
دۇررى گۆھەرنى يۈتتۈردۈم،
تاپمىدىم، ئۆلدۈم نېتەي...

راۋىيلەر رىۋايەت قىلۇركى، ئەلمىساقتىن تارتىپ ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان بۇ ناخشا بىر يىگىتنىڭ ئاشىقلىق قىسسەسى ئىكەن:

قەدىمكى زامانلاردا شەرق ئېلىدە بىر قۇدرەتلىك پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ يەر- زېمىنى كەڭ، ئېتىز- دالىلىرى ئاشلىققا؛ تاغ- يايلاقلىرى مال- چارۋىغا، باغۋارانلىرى رەڭگارەڭ، خىلمۇخىل مېۋە- چېۋىگە؛ خەزىنىسى ئالتۇن- كۈمۈشكە تولغانىكەن، خەلقى ئىناق- ئىتتىپاق، باياشات ياشايدىكەن.

پادىشاھنىڭ تەخت ۋارىسى ئارزۇخان ئاتلىق بىر پەھلىۋان ئوغلى بولۇپ، ئۇ ئوۋچىلىق قىلىشقا، تاغمۇتاغلارنى يالغۇز ئارىلاپ بۇغا- كېيىكلەرنى ئوۋلاشقا تولىمۇ ھېرىسمەن ئىكەن. ئۆزىمۇ ناھايىتى مەرگەن بولۇپ، ئاتقان ئوقى

# ئاھ دەرىخا

ئابلەت ئابدۇللا

زايا كەتمەيدىكەن. قورقۇمسىز بۇ يىگىت تاغ ـ ئورمانلارنى ئارىلاپ بەزىدە ھەتتا ۋەھشىي يولۋاس، ئېيىق، بۆرىلەرنى ئوۋلاشتىنمۇ ھېيىقمايدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇ بىر ئارقارنى قوغلاپ، ئېگىز تاغلاردىن ھالقىپ، قاتمۇقات تاغلار ئارىسىغا كىرىپ قاپتۇ. ئارقارلار، تاغ ئۆچكىلىرى ئادەتتە كېچىسى ئېگىز تاغ چوققىلىرىدىن چۈشۈپ، سۈبھى تاڭدا يەنە ئاشۇ تاغ بېشىغا چىقىپ كېتىدىكەن. شاھزادە ئارزۇخان ئارقارنىڭ تاغدىكى ئادەم ماڭغىلى بولمايدىغان قىيا تاشلاردىن ھالقىپ قايان كەتكىنىنى بىلەلمەي، يا بولدى قىلىپ كەينىگە يانماي، تاغمۇتاغ ئاتلاپ كۆزى كۆرمىگەن، ئۆزى يۈرمىگەن تاغ ئارىسىغا كىرىپ قاپتۇ. ئۇ يول يۈرۈپ چارچاپتۇ، ئېتىمۇ ئوبدانلا تەرلەپتۇ، ئاخىر ئۇ سايدىكى بىر چىمەنلىك بۇلاق تۈۋىدە دەم ئاپتۇ.

ئۇنىڭ كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا ئىلىنغانىكەن. تاغ ئارىسىدىن بىر قىزنىڭ شۇنداق يېقىملىق بىر ناخشىسى ئاڭلىنىپتۇكى، ۋەھشىي ھايۋانلار ھۆركىرەشتىن، قۇشلار سايراشتىن ئورمانلار شۇۋىرلاشتىن توختاپ قاپتۇ، پۈتۈن تاغۇتاش جىمجىت، سۈكۈتتە بۇ يېقىملىق ناخشىغا قۇلاق ساپتۇ. شاھزادىمۇ بۇ ناخشىدىن مەست بولۇپ، شېرىن ـ لەززەت ئىچىدە پۈتۈن ۋۇجۇدى سىمابتەك ئېرىپ كېتىپتۇ.

ناخشا ئۈزۈلۈپتۇ. شاھزادە ئېسىگە كېلىپ، بۇ ناخشىنى ئېيتقان قىزغا غايىۋانە ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئېتىنى مىنىپ، تاغ ئارىسىدىن ئۇ قىزنى ئىزدەپتۇ، تاپالماپتۇ. ئاخىر نائىلاج قايتىپ كېتىپتۇ، ئەمما ئاخشىمى ھېلىقى ناخشا قۇلاق تۈۋىدە يەنىلا ئاڭلىنىپ تۇرۇپتۇ.

شاھزادە ئارزۇخان ئەتىسى نۇرغۇن نۆۋكەرلىرى بىلەن ئۇ تاغقا كېلىپ، ھەممە جايىنى ئالا قويماي قىدىرىپتۇ، قىزنى تاپالماپتۇ. بۇلاق بېشىدا يەنە دەم ئاپتۇ، ئەمما بۇ كۈنى ناخشا ئاڭلانماپتۇ. دوستلىرى ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەي، ئۇنى بۇ يولدىن ياندۇرۇپ نەسىھەت قىپتۇ، ئەمما شاھزادە ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆزى يالغۇز بىر كۈنى بۇلاق تۈۋىگە كەلگەنىكەن، ھېلىقى ناخشا يەنە ئاڭلىنىپتۇ. شاھزادە يەنە بىھوش بوپتۇ. ئۇ ھوشىغا كېلىپ قىزنى يەنە ئىزدەپتۇ، تاپالماپتۇ. بىر نەچچە قېتىم نۆۋكەرلەرنى باشلاپ كېلىپ يەنە ئىزدىگەنىكەن، ئالدىنقى قېتىمدىكىلا قىزنىڭ ناخشىسى ئاڭلانماپتۇ، قىزنىمۇ تاپالماپتۇ. شاھزادىنىڭ دوستلىرى ئۇنى يەنىلا يالغانچىغا چىقىرىپ، بۇ يولدىن يېنىشقا نەسىھەت قىپتۇ.

كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇ، شاھزادە قىزنى ئىزدەشتىن توختىماپتۇ. ئۇ يالغۇز ھېلىقى بۇلاق تۈۋىگە كەلسىلا قىزنىڭ ناخشىسى ئاڭلىنىپ ھوشىنى يوقىتىدىكەن. بۇنى دوستلىرىغا ئېيتسا ھېچقايسىسى ئىشەنمەيدىكەن. ھەر كېچىسى ئۇ ناخشىنىڭ يېقىملىق لەززىتى يىگىتنى ئۇخلاتمايدىكەن.

شاھ ئوغلىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى دوستلىرىدىن ئاڭلاپ ئۇنى جىنغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، تېزرەك ئۆيلىۋېتىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ. ئۇ شاھزادىگە قوشنا ئەللەرنىڭ نۇرغۇن داڭلىق مەلىكىلىرىنى كۆرسىتىپتۇ، لېكىن شاھزادە رەت قىپتۇ. ئاشۇ ناخشىچى قىزنى تاپمىغىچە ئۆيلەنمەيمەن دەپتۇ.

شاھزادە بىر كۈنى يەنە ئاشۇ بۇلاق تۈۋىگە كېلىپ ئۇخلاپ قاپتۇ، چۈشىدە ئۇ بىر بوۋاينى كۆرۈپتۇ. ئاپپاق ساقاللىق، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، سالاپەتلىك بۇ بوۋاي تاغ يولىدا ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭدىن سوراۋاتقىدەك:

— ئوغلۇم، قايدىن كېلۇرسەن، قايدا بارۇرسەن؟

— شەھىرى قۇتياردىن كېلۇرمەن، تاغدا ناخشا ئېيتقان بىر قىزنى ئىزدەپ كېلۇرمەن، — دەپتۇ شاھزادە.

— ھەي، ھەي، ھەي! — دەپ بېشىنى چايقاپتۇ بوۋاي، — خەتەرلىك، جاپا ـ مۇشەققەتلىك يولغا چۈشۈپ قاپسەن ئوغلۇم. ئۇنى ئىزدەپ نۇرغۇن نەۋقىران يىگىتلەر ھالاك بولدى. ئۇنىڭ شەرتلىرىنى ھېچكىم ئورۇندالمىدى. ئۇنى تاپقىنىڭدىمۇ شەرتىنى ئادا قىلالماي ھالاك بولۇرسەن، ئەڭ ياخشىسى بۇ يولۇڭدىن قايت ئوغلۇم!

— ياق بوۋا، — دېگۈدەك شاھزادە بوۋاينىڭ پېشىنى تۇتۇپ، — بۇ يولدا ئۆلسەممۇ مەيلى، جېنىم بوۋا، ماڭا ئۇنىڭ بار يېرىنى ئېيتىپ بېرىڭ!

— ھەي، بوپتۇ ئوغلۇم، — دەپتۇ بوۋاي، — ئىرادەڭ چىڭ بولسا ئېيتىپ بېرەي: ئۇ پەرىلەرنىڭ سەردارى، تاغ پەرىسى دەرىخا دېگەن پەرىزات بولىدۇ. ھۆسن ـ جامالى، ئىلمۇ كامالىدا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان قىز بۇ ئاجۇندا يوق. شۇڭا ئۇنىڭغا ئاشىق يىگىتلەرنىڭ سانى يوقتۇر.

— مەن ئۇنى قانداق تاپىمەن؟ — دەپ سورىغىدەك شاھزادە.

— ئۇ بۇ تاغلارنىڭ ئىگىسى، — دەپتۇ بوۋاي، — ئۇ خالىسا بۇ تاغدا، خالىسا ئۇ تاغدا، پۈتۈن ھايۋانات،

ئۇچار قۇش ئۇنىڭ پەرمانىدا، لەكمىڭ ئادەم ئەكىلىپ بۇ تاغلارنى ئىزدىسەڭمۇ ئۇنى تاپالمايسەن، ئۇنى تېپىشنىڭ پەقەت بىرلا يولى بار. ئۇ بولسىمۇ، ئۇنىڭ ناخشىسى تۇگگەن هامان سەن جاۋاب ناخشا ئېيتىسەن، ئەگەر ناخشاڭ ئۇنىڭغا ياقسىلا ئۇ سېنىڭ يېنىڭدىلا پەيدا بولىدۇ!

شاهزادە خۇشاللىقىدا چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. قارىسا بوۋاي يوق، بۇلاق شىلدىرلاپ تۇرۇپتۇ، ئاڭغىچە يەنە قىزنىڭ يېقىملىق ناخشىسى ئاڭلىنىپتۇ.

شاهزادە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، بوۋاينىڭ سۆزىنى يادىغا ئاپتۇ-دە، قىزنىڭ ناخشىسى ئاياغلىششىغا ناخشا باشلاپتۇ. شاهزادە ئارزۇخاننىڭ ئاۋازىمۇ يېقىملىق ئىكەن، ئۇ تاغلارنى جاراڭلىتىپ:

تاغ ئارا، تاغلار ئارا،
ئىزدەپ سېنى كەلدىم مانا.
ئاشىق تېنىم بولدى كاۋاپ،
يا خەنجىرىڭ سالغىن ماڭا.

دەپ ناخشا ئېيتقانىكەن. شۇ هامان ئۇنىڭ ئالدىدا بىر گۆزەل پەيدا بوپتۇ. ئۇ ئىپەك چۈمپەردىسىنى قىيا ئاچقانىكەن. پۈتۈن تاغۇتاش نۇرلىنىپ كېتىپتۇ، يىگىت هوشىدىن كېتىپتۇ. پەرىزات بۇلاق سۈيىنى ئېلىپ ئۇنىڭ يۈزىگە پۈركۈپتۇ، يىگىت كۆزىنى ئېچىپتۇ.

ئۇلار سالاملىشىپتۇ. ئەهۋاللىشىپتۇ، شاهزادە بېشىدىن ئۆتكەن هەممە دەرد-هەسرەتلىرىنى تۆكۈپتۇ. تاغ پەرىسى شاهزادىگە تولىمۇ يېقىملىق ئاۋازدا:

— يىگىت، ئەهۋالىڭىزنى بىلدىم، مەن سىزنى سىنىدىم، سىز هەققەتەن سەۋر-تاقەتلىك، ئىرادىلىك يىگىت ئىكەنسىز. ئەمما مېنىڭ ۋىسالىمغا يېتىش بەسىمۇ مۈشكۈل، مېنىڭ شەرتلىرىم بەك ئېغىر، — دەپتۇ.

— قېنى ئېيتىڭ، ئورۇندايمەن، بۇ يولدا ئۆلۈپ كەتسەممۇ مەن رازى دەپتۇ شاهزادە.

— يۈرۈڭ ئەمسە، — دەپتۇ تاغ پەرىسى دەرىخا يىگىتنى باشلاپ.

ئۇلار بىر هەيۋەتلىك قارا قىيا تاش ئالدىغا كەپتۇ. دەرىخا قولىنى شۇنداق شىلتىگەنىكەن. قىيا تاشنىڭ ئوتتۇرىسى يېرىلىپ، چوڭ دەرۋازىدەك ئېچىلىپتۇ. تاغ پەرىسىنىڭ ئارقىسىدىن يىگىت بۇ دەرۋازىنىڭ ئىچىگە كىرگەنىكەن، هەيران قالغانلىقىدىن كۆزلىرى ئالا چەكمەن بولۇپ كېتىپتۇ:

ئۇنىڭ ئىچى بىر هەيۋەتلىك، ئاجايىپ هەشەمەتلىك ئوردا ئىكەن: ئۇدۇلدا ئالتۇن تەخت، ئىككى يانىدا بىر شىر ۋە بىر يولۋاس، دەرۋازىدىن تەختكە بارغىچە سېلىنغان زىلچە گىلەمنىڭ ئىككى تەرىپىدە بۇغا، مارال، كېيىك، ئېيىق، بۆرە، تۈلكە ۋە باشقا هايۋاناتلار، چىرايلىق دەرەخلەر ئۈستىدە، قەپەزلەردە تۇتىقۇش، بۇلبۇل، كاككۇك ۋە باشقا قۇشلار بولۇپ، مەرمەر تۈۋرۈكلەردە چىرايلىق ئالتۇن شامدانلار بار ئىكەن.

تاغ پەرىسى شاهزادىگە ئوردىسىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن ئارقىدىكى چاهار بېغىغا ئېلىپ چىقىپتۇ، بۇ باغمۇ ناهايىتى گۈزەل بولۇپ، رەڭمۇرەڭ گۇللەر خۇش پۇراق چېچىپ تۇرۇپتۇ. باغ ئوتتۇرىسىدىكى مەرمەر كۆلدە سۈپسۈزۈك سۇ ئىچىدە بىر ئالتۇن بېلىق ئۈزۈپ يۈرۈپتۇ.

تاغ پەرىسى شاهزادىنى بۇ يەردە توختىتىپ:

— بۇ ئوردىدا هايۋانات، ئۇچار قۇشلاردىن تارتىپ، هەتتا گۈل-گىياهلارغىچە هەممىسى تاق. كۆردىڭىزمۇ، بۇ كۆلدە ئاشۇ ئالتۇن بېلىقمۇ يالغۇز. چۈنكى بۇلارنىڭ هەممىسى ماڭا ئاشىق، مەنمۇ يالغۇز مەن سىزدىن بۇلارنىڭ هەممىسىنى جۈپ قىلىڭ دېمەيمەن، پەقەت ئالتۇن بېلىقمنىڭ، قولۇمدىكى بۇ خاسىيەتلىك ئالتۇن ئۈزۈكۈمنىڭ ۋە ئوردامدىكى گۆهەر ئىچىدە گۆهرى بار ئەڭگۈشتەرىمنىڭ جۈپتىنى تېپىپ كېلىڭ. مۇشۇ ئۈچ شەرتىمنى ئورۇندىيالىسىڭىز، مەنمۇ سىزگە جۈپ بولىمەن، ئوردام ئىچىدىكى پۈتۈن هايۋانات، ئۇچار قۇشلارمۇ، گۈل-گىياهلارمۇ مەن جۈپتۇمنى تاپسامىلا خۇشاللىقىدا ئۇلارمۇ ئۆز جۈپتىنى تېپىپ، ئەركىن هايات كەچۈرىدۇ، — دەپتۇ.

شاهزادە تاغ پەرىسىنىڭ شەرتىگە ماقۇل بوپتۇ. ئۇ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.

## ئالتۇن بېلىقنى ئىزدەش

شاهزادە ئارزۇخان ئالتۇن بېلىقنى قانداق تېپىشنى بىلەلمەي، كۈندە ئوۋغا چىققاچ دەريا-كۆللەرنى ئارىلاپتۇ، بۇلاقلارغا قاراپتۇ، بېلىقچىلاردىن سوراپتۇ، لېكىن هېچقايسىسى ئالتۇن بېلىقنى كۆرۈپ باقمىغانىكەن، بەزى قېرى بېلىقچىلار ئۇنىڭ ئۆزىگە هەمراھ بولۇپ، دەرياغا قارماق تاشلاپ بېقىشنى، ئەگەر تەلىيى كېلىپ قالسا، دەريادىكى ئالتۇن بېلىق تۇتۇۋېلىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتىپتۇ. شاهزادە ئۇلارنىڭ مەسلىهەتى بىلەن بىر قارماق ئېلىپ بېلىق تۇتۇشقا تەرەددۇق قىپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇنىڭ قارمىقىغا يوغان بىر

بىلىق ئىلىنىپتۇ. بۇ بىلىقنىڭ رەڭگى ئاق، كۆزى ئادەمنىڭ كۆزىگە ئوخشايدىكەن. شاھزادە قارىسا بىلىق يىغلاۋاتقاندەك يېشى ئېقىۋېتىپتۇ. بۇ ئىشقا ھەيران قالغان يىگىت بېلىققا ئىچى ئاغرىپتۇ-دە سۇغا قويۇۋېتىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن شاھزادە قارمىقىغا بىلىق چىشلىمەپتۇ. ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ تارتىشىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئاخىرى كىچىكرەك بىر بىلىق تۇتۇۋاپتۇ-دە، ئالدىراپ پىشۇرۇشقا تۇتۇش قىپتۇ. شۇ ئارىلىقتا تۇساتتىن ئالدىدا ئۆزى بىر غېرىچ، ساقىلى يەتتە غېرىچ بىر مەخلۇق پەيدا بوپتۇ-دە، بىلىققا چاڭ ساپتۇ. شاھزادە بىلىقنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، ئۇ مەخلۇقنى قوغلاپتۇ. مەخلۇق قېچىپتۇ، مەخلۇق بىر چاتقاللىق ئارىسىغا كىرىپ يوقاپ كېتىپتۇ. شاھزادە چاتقاللىقنى قايرىپ قارىسا، بىر يەر، ئاستى لەخمە كۆرۈنۈپتۇ. ئارزۇخان بۇ نېمە ئالامەتتۇ، تەۋەككۇل، چۈشۈپ كۆرەي دەپ چۈشكەنىكەن، ماۋۇ ئالامەتنى كۆرۈڭ: ئۇ بىر كاتتا سۇ شەھىرى ئىكەن.

شاھزادىنىڭ بىر قولىدا بېلىق، بىر قولىدا خەنجەر ھالدا شەھەرگە كىرگەنىكەن. تەرەپ-تەرەپتىن ئۆزى بىر غېرىچ، ساقىلى يەتتە غېرىچ مەخلۇقلار ئۇنى قورشاپ، ساقاللىرى بىلەن بويۇن-باشلىرىنى ئوراپ، مىدىر-سىدىر قىلغۇزماي پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. بۇ مەخلۇقلار ساقاللىرىنى شاھزادىدىن بوشىتىپ، ئۇنى ئەركىن قويۇپتۇ، شاھزادە قولىدىكى بېلىقنى قويۇۋېتىپتۇ، بايا بۇ بېلىق ھېلىقى مەخلۇقنىڭ بالىسى ئىكەن.

شاھزادە شۇنداق قارىسا تەخت ئۈستىدە ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، چولپان يۈزلۈك نۇرانە بىر پەرى ئولتۇرغان. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئاق يۈزلۈك بىر پەرىزات، سول تەرىپىدە قىزىل يۈزلۈك بىر پەرىزات ئولتۇرۇپتۇ.

شاھنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئاق يۈزلۈك پەرىزات شاھزادىنى كۆرۈشى بىلەن:

— شۇ، شۇ! دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ-دە، ئورنىدىن تۇرۇپ شاھزادىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېگىلىپ سالام بېرىپتۇ.

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ھەممىسى ھەيران بوپتۇ، ئاق يۈزلۈك پەرىزات ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپتۇ:

— بىلەمسىلەر، ھەدە! — دەپ شاھقا قاراپ سۆزلەپتۇ ئۇ، — ئۆتكەندە مەن سىلەرگە سۆزلەپ بەرگەن مېنى تۇتۇۋېلىپ قويۇپ بەرگەن يىگىت مۇشۇ، نەق ئۆزى، ۋاپادار ئادەم بۇ!

شاھ ۋە باشقىلار بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ شاھزادىگە ئالاھىدە ئېھتىرام بىلدۈرۈپتۇ. ئۇنى ئالاھىدە مېھمان قىپتۇ ۋە ئاخىرىدا ئۇنىڭ نېمە تەلىپى بارلىقىنى سوراپتۇ. شاھزادە ئۆزىنىڭ ئالتۇن بېلىق ئىزدەپ يۈرگەنلىكىنى، دەرىخا پەرى بىلەن بولغان ئىشق-مۇھەببەت ھېكايىسىنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

چولپان يۈزلۈك شاھ بۇنى سىڭىللىرى بىلەن كېڭەشىپتۇ. ئاق يۈزلۈك پەرىزات ئۆزىنىڭ بۇ يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى، ھەدىسى رۇخسەت قىلسا شۇ يىگىت بىلەن ئالتۇن بېلىق بولۇپ بىللە كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شاھ ئاخىر ماقۇل بوپتۇ ۋە شاھزادە ئارزۇخانغا:

— يىگىت، سەن ئىزدىگەن ئالتۇن بېلىق مانا ئالدىڭدا، ئۇ مېنىڭ سىڭلىم بولىدۇ. ئۇ ئادەملەرگە ئامراق چىقىپ قالدى. بىز ئادەملەر ۋەھشىي، ياۋۇز، قانخور، ئۇلار بىزنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن تۇتۇۋېلىپ، پارچىلاپ، قازاندا قورۇپ يەۋېتىدۇ، شۇڭا ئادەملەردىن يىراق بولۇڭلار دېسەكمۇ، ئۇ بۇ گەپلىرىمىزگە ئىشەنمەي بىر كۈنى ئوردىدىن چىقىپ سەيلە قىلغانىدى. سېنىڭ قارمىقىڭغا چۈشۈپ قاپتۇ. ھېلىمۇ سەن رەھىمدىل ئادەم ئىكەنسەن، ئۇنى قويۇۋېتىپسەن. سىڭلىم سېنىڭ شۇ ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن سەن بىلەن كەتمەكچى، قوبۇل كۆرەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

شاھزادە خۇشاللىق بىلەن قوبۇل كۆرۈپتۇ. ئاق يۈزلۈك پەرىزات ھۇجرىسىغا كىرىپتۇ-دە، ئالتۇن بېلىققا ئۆزگىرىپ چىقىپتۇ. شاھزادە ئۇنى كۆرۈپ بەك خۇشال بوپتۇ ۋە:

— ھازىرچە ئۆز ئەسلىڭىز بويىچە تۇرۇڭ، دەرىخا پەرىنىڭ يېنىغا بارغاندىن كېيىن ماڭا ئالتۇن بېلىق بولۇپ بېرىڭ، — دەپتۇ. ئالتۇن بېلىق پەرى يەنە ھۇجرىسىغا كىرىپ ئاق يۈزلۈك پەرىزاتقا ئۆزگىرىپتۇ.

ئاق يۈزلۈك پەرىزات ھەدىلىرى ۋە سۇ شەھىرىدىكى ھەممە مەخلۇقلار بىلەن خوشلىشىپ شاھزادە بىلەن بىللە، تاغ پەرىسىنىڭ ماكانىغا يول ئاپتۇ. ئۇلار يول يۈرۈپ، مول يۈرۈپ ئاخىر تاغ پەرىسىنىڭ سىرلىق ئوردىسى ئالدىغا كەپتۇ ۋە شاھزادە ھېلىقى چاغدا ئېيتقان:

تاغ ئارا، تاغلار ئارا،
ئىزدەپ سېنى كەلدىم مانا.
ئاشىق تېنىم بولدى كاۋاپ،
يا خەنجىرىڭ سالغىن ماڭا.

دېگەن ناخشىسىنى تەكرارلاپتۇ. شۇ ھامان ئورىدا ئالدىدا تاغ پەرىسى دەرىخا پەيدا بوپتۇ، دەرىخا پەيدا بولغىچە ئاق يۈزلۈك پەرىزات ئالتۇن بېلىققا ئۆزگىرىپ بوپتۇ.

تاغ پەرىسى ئالتۇن بېلىقنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ ھەم خۇشال بوپتۇ، ئۇنىڭ ھەيران قالغىنى تا ھازىرغىچە ھېچقانداق بىر يىگىت ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى ئورۇندالمىغانىكەن. خۇشال بولغىنى قانداقلا بولمىسۇن ئۇنىڭ بىر تەلىپى بولسىمۇ ئورۇندىلىپتۇ. ئۇ شاھزادىنىڭ قالغان ئىككى تەلىپىنىمۇ ئورۇندىسىكەن دەپ ئۈمىد قىپتۇ. تاغ پەرىسى ئالتۇن بېلىقنى مەرمەر كۆلچەككە قويۇۋېتىپتۇ-دە:

— مانا قاراڭ، بۇلار بىر جۈپ بولدى، سىز ئەمدى خاسىيەتلىك ئۈزۈكۈمنىڭ جۈپتىنى تېپىپ كېلىڭ! — دەپتۇ شاھزادىگە، — ئۇ سىرلىق شەھەر پادىشاھىنىڭ قولىدا.

شاھزادە يەنە سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.

### خاسىيەتلىك ئۈزۈكنى ئىزدەش

شاھزادە «سىرلىق شەھەر نەدىسەن؟» دەپ يولغا چۈشۈپتۇ. ئاز ماڭسىمۇ ساز مېڭىپتۇ. مۇشەققەت تارتسىمۇ خۇشال بوپتۇ، ئۇنى تېپىشقا ئۈمىدلىنىپتۇ. بىر كۈنى يولدا بىر پۇتىنى كۆتۈرۈۋېلىپ كېلىۋاتقان ئادەم ئۇچراپتۇ، ئۇلار سالاملىشىپتۇ.

— نەگە ماڭدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى بىر پۇتلۇق ئادەم.

— سىرلىق شەھەرگە ماڭدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شاھزادە.

— نېمە ئىش بىلەن؟

— سىرلىق شەھەر پادىشاھىنىڭ قولىدا بىر خاسىيەتلىك ئۈزۈك بار ئىكەن، شۇ ئۈزۈكنى ئالغىلى ماڭدىم.

— ھەي يىگىت، بۇ بەك خەتەرلىك، مۇشكۇل سەپەرغۇ؟

— مۇھەببەتنىڭ شەرتى شۇ. ئامالىم يوق!

— مۇھەببەت دېگەن ئۇلۇغ، ئالىيجاناب تۇيغۇ، مەن بۇ ئۇلۇغ سەپەرگە ھەمراھ بولاي، — دەپتۇ ئاقساق ئادەم، — مۇشكۇلاتلىرىڭغا ھەمدەم بولارمەن.

— نېمە ھۈنىرىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ شاھزادە.

— ئاقساق پۇتۇمنى قويۇۋەتسەم بىر چامدىغاندا ئالتە ئايلىق يولنى باسىمەن، غەزىپىم كەلسە، بىرەر شەھەرنى يوم قىلىپ-شاتىراق ئۇرۇپ سىپسىقچىلىققا باستۇرۇۋېتىمەن، — دەپتۇ ئۇ ئادەم.

شاھزادە ئۇنىڭ ھەمراھ بولۇشىغا ماقۇل بوپتۇ. ئۇلار كېتىۋېتىپ يولدا يەل قاپلانغان بىر تۇلۇمنى ئۇچرىتىپتۇ، ئۇلار تۇلۇمنىڭ يېنىدىن كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىكەن. تۇيۇقسىز تۇلۇمدىن زۇۋان چىقىپ:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بۇرادەرلەر نەگە بارىسىلەر؟ — دەپتۇ.

ئۇ ئىككىسى ھاڭ-تاڭ قىلىپ تۇلۇمغا:

— سىرلىق شەھەرگە، پادىشاھنىڭ قولىدىكى ئالتۇن ئۈزۈكنى ئالغىلى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— مەنمۇ سىلەرگە ھەمراھ بولاي، مۇشكۇلاتىڭلارغا ياراپ قالىمەن، — دەپتۇ تۇلۇم.

— نېمە ھۈنىرىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇلار.

— مەن دېگەن خاسىيەتلىك تۇلۇم، غەزىپىم كەلگەندە ئاغزىمنى ئاچسام، قاتتىق بوران چىقىپ، يەر-جاھان توپتوز بولۇپ كېتىدۇ، — دەپتۇ تۇلۇم.

— ئۇنداق بولسا ھەمراھ بولغىن، — دەپتۇ ئۇلار.

سىرلىق شەھەرنىڭ سىرلىق بولغانلىقى ئۇنىڭ دۇنيانىڭ ئەڭ چېتىدە، تولىمۇ يىراقتا، ئادەملەرنىڭ ئايىغى يېتىپ بارالمايدىغان يەردە بولغانلىقى ئىكەن. بۇ ئۈچ دوست نۇرغۇن يوللارنى باسسىمۇ سىرلىق شەھەرنىڭ قارىسى كۆرۈنمەپتۇ. ئاخىر ئاقساق دەپتۇكى:

— ئەي بۇرادەرلەر، مۇنداق ماڭساق ئون يىلدىمۇ ئۇ شەھەرگە يېتىپ بارالمايمىز. ئەڭ ياخشىسى سىلەر ئىككىڭلار ئىككى مۈرەمدىن چىڭ قۇچاقلاپ تۇتۇڭلار، مەن يىغۋالغان پۇتۇم بىلەن ماڭاي، بىز ئۈچ كۈندىلا ئۇ شەھەرگە يېتىپ بارالايمىز.

ئىككى دوست ئاقساقنىڭ دېگىنىنى ماقۇل كۆرۈپتۇ-دە، ئۇنىڭ ئىككى مۈرىسىنى چىڭ قۇچاقلاپتۇ، ئاقساق بىر چامدىغانىكەن، ئالتە ئايلىق يولنى بېسىپتۇ، دېگەندەك ئۈچ كۈن بولغاندا شەھەرنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپتۇ.

ئۇلار شەھەر سىرتىدا توختاپ، شۇ يەرلىك ئاقساقاللاردىن بىر نەچچىنى پادىشاھنىڭ قېشىغا خاسىيەتلىك ئۈزۈكنى ئېلىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپتۇ.

پادىشاھ بۇ ئەلچىلەرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھەيران قاپتۇ. چۈنكى تا ھازىرغىچە بۇ شەھەرگە باشقا يۇرتلارنىڭ ئادەملىرى كېلىپ باقمىغانىكەن، پادىشاھقا بۇ قىزىق تۇيۇلۇپتۇ-دە، ئۇلارنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن راۋاققا چىقىپ قارىغانىكەن، شەھەر سىرتىدا ئىككى ئادەم، بىر

تۇلۇم كۆرۈپتۇ، تېخى ئۇ ئادەملەرنىڭ بىرى ئاقساق ئىكەن. بۇ ئادەملەر قانداق كەلگەندۇ دەپ ئەلچىلەردىن سورىغانىكەن، ئەلچىلەر:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، بىزمۇ بىلەلمىدۇق. بۇلار دۇنيانىڭ ئۇ چېتىدىن ئالاھىدە سىلىنىڭ خاسىيەتلىك ئۇ-زۈكلىرىنى ئالغىلى كەپتۇ، — دەپتۇ.

سىرلىق شەھەر پادىشاھى بىر تاماشا كۆرىدىغان بولدۇم دەپ ئازغىنا نۆۋكەر ئەۋەتىپ، ئۇلارغا:

— كەلگەندىلەرنى قوغلىۋېتىڭلار، ئەگەر قارشىلىق قىلسا ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

ئۆزى راۋاقتا چىقىپ تاماشا كۆرۈپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر هازادىن كېيىن ئۇلار بىلەن ئېلىشقان نۆۋكەرلەرنىڭ بىرد-مۇ ئامان قالمىغانلىقنى كۆرۈپتۇ. پادىشاھنىڭ غەزىپى كېلىپ، ئۇلار كىمنى كۆزگە ئىلمايدۇ، ھېچقانداق دۈشمەن مېنىڭ دۆلىتىمگە ئاياغ باسالىغان ئەمەس، دەپ ئىككىنچى تۈركۈم يەنە بىر بۆلۈك پەھلىۋان نۆۋكەرلەرد-نى ئەۋەتىپتۇ. پادىشاھ راۋاقتا چىقىپ يەنە قارىغۇدەك بولسا، بۇ پەھلىۋان نۆۋكەرلەرىمۇ يەر چىشلەپ ياتقان، قېچىپ كەلگەنلىرى «ۋاي بولمىدى پادىشاھىم!» دەپ نالە-پەرياد قىلىشىۋاتقان.

پادىشاھ ئوردا ئەھكاملىرى بىلەن كېڭىشىپ، پۈتۈن قوشۇن بىلەن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشقا بىرلىككە كەپتۇ. پا-دىشاھ بۇيرۇق بېرىشى بىلەن پۈتۈن قوشۇن ئاتلىق ۋە پىيادە لەشكەرلەر شەھەر سىرتىغا بوراندەك ئۆزىنى ئۇ-رۇپتۇ.

پادىشاھ لەشكەرلىرىنىڭ قارا قاغىدەك كېلىۋاتقانلىقى-نى كۆرگەن تۇلۇم غەزەپلىنىپتۇ-دە، ئاغزىنى ئېچىۋېتىپتۇ. تۇلۇمدىن چىققان بوران شۇنچىلىك دەھشەتلىك بوپتىكى، ئۇنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازىدىن يەر تەۋرەپ كېتىپتۇ، دەل-دەرەخلەر ئوت-چۆپتەر ئېگىلىپ-سۇنۇپ، يوللار تورۇ-لۇپ كېتىپتۇ، پادىشاھنىڭ ئاتلىق قوشۇنى ئېتىدىن ئاجراپ، قۇشتەك ئۇچۇپ كېتىپتۇ، پىيادە لەشكەرلىرى تاشتەك دومىلاپ تەرەپ-تەرەپكە پىتراپ كېتىپتۇ، بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ بولالمىغان سىرلىق شەھەر پادىشاھى را-ۋاقتىن چۈشۈپتۇ-دە، شاھزادە ئارزۇخانلارغا ئەلچى ئە-ۋەتىپ، بورانىنى توختاتسا خاسىيەتلىك ئۈزۈكنى بېرىدىغان-لىقنى ئېيتىپتۇ.

تۇلۇم ئاغزىنى ئېتىپتۇ، بوران توختاپتۇ، ھەممە يەنە ئەسلىگە كەپتۇ، شاھ يەنە ئۆز ئوردىسىدا، ئۆز تەختىدە ئولتۇرۇپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۈزۈكنى بېرىشكە كۆڭلى قىي-ماپتۇ. نۇرغۇن سېھرىي جادۇگەرلەرنى ئىشقا سېلىپ، تۇ-لۇمغا قارشى تۇرماقچى بوپتۇ. پادىشاھنىڭ سېھرىي-جادۇ-گەرلىرى ھەر خىل سېھرىي-جادۇلارنى قىلىپ، شاھزادە ئارزۇخاننى باغلاپتۇ ۋە ئۇنى شاھ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. پادىشاھ غەزەپلىنىپ ئۇنى سوراققا ئاپتۇ:

— ئەي يىگىت، نېمە ۋەجىدىن بۇ يەرگە كەلدىڭ، نېمە ئۈچۈن مېنىڭ شەھىرىمنى ۋەيران قىلماقچى بول-سەن؟

— ئەي ئۇلۇغ شاھ، — دەپتۇ شاھزادە ئارزۇخان، — تاغ پەرىسى دەرىخانىڭ ئىشقى-پىراقى مېنى سىزنىڭ شەھ-رىڭگە كەلتۈردى. ئۇنىڭ قولىدا سىزنىڭ قولىڭىزدىكىدەك خاسىيەتلىك ئۈزۈك بار ئىكەن، ئۇ مۇشۇ ئۈزۈكۈمنى جۈپ قىلالىساڭ، مەنمۇ سەن بىلەن جۈپ بولۇرمەن دەپ شەرت قويىدى.

— ئەي يىگىت، بۇ نىيىتىڭدىن يان! بۇ خاسىيەتلىك ئۈزۈك مېنىڭ پادىشاھلىقىمنىڭ بەلگىسى. ئۇنى ساڭا ھەرگىز بەرگىلى بولماس! ياخشىسى، سەن ھازىر قەيەرگە چۈشتۇڭ، مۇھەببەت ئۈچۈن مەن ساڭا رەھىم قىلاي، قايت! — دەپتۇ پادىشاھ.

— ياق، ئۈزۈكنى ئالمىغىچە قايتمايمەن، ئەگەر مۇ-ھەببىتىم ئۈچۈن مەرد-سېخىي بولۇپ ياخشىلىق بىلەن بەرمىسلە، يامانلىق بىلەن ئالۇرمەن، — دەپتۇ شاھزادە.

— جاللات! — دەپتۇ پادىشاھ.

شۇ چاغدا ئاسقاق بىر پۈتىنى كۆتۈرۈپ سۇنغاند-كەن، ئۇ پۈتى شەھەرنىڭ نېرىقى چېتىگە چۈشۈپتۇ. ئۇ ئىككى پۈتىنى كېرىپ تۇرۇپ، بىر شاتراق بىلەن سېسىق گاز قويۇۋەتكەنىكەن. پۈتۈن شەھەر سېسىقچىلىققا كۆمۈ-لۈپ كېتىپتۇ. ئوردا ئىچى تېخىمۇ يامان شاتراق-سېسىقچە-لىققا تولۇپ، پادىشاھ، ئوردا ئەھكاملىرى، خانىش-كېنە-زەكلەر دەم ئالالماي قاپتۇ، تەرەپ-تەرەپتىن نالە-پەر-يادلار ئاڭلىنىپ، بۇ سېسىقچىلىققا ھېچكىم چىدالماپتۇ، ھەتتا پادىشاھ چاقىرغان جاللاتمۇ شاتراق ئىچىدە قاپتۇ.

پادىشاھ نائىلاج شاھزادىگە يالۋۇرۇپتۇ:

— ئەي يىگىت، ئادەملىرىڭگە ئېيت، بۇ سېسىقچىلىق-نى توختاتسۇن!

— ئالىيلىرى، سىلى خاسىيەتلىك ئۈزۈكنى بەرمىسە-لە، بۇ ھەرگىز توختىمايدۇ، پۈتۈن شەھەرلىرى ۋەيران بولۇپ، شاتراق ئىچىدە كۆمۈلۈپ قالىدۇ، — دەپتۇ

شاھزادە.

— ۋاي بەرسلە، بىرنۆۋەتسلە پادىشاھى ئالەم، — دەپ ۋارقىراپتۇ خانىش ـ كېنىزەكلەر.

— بەرسلە، بولمىسا ۋەيران بولۇپ كېتىمىز شاھ ئالىيلىرى! — دەپ ۋارقىراپتۇ. دەم ئالالمايۋاتقان ۋەزىر ـ ۋۇزۇرالار.

پادىشاھ نائىلاج خاسىيەتلىك ئۈزۈكنى شاھزادىگە بېرىدىغان، ئەمما شەھەرنى تازىلاپ ئۆز ئەسلىگە ئەكەلمىگىچە بەرمەيدىغان بولۇپ كېلىشىپتۇ. شاھزادە تۇلۇمغا بۇ ئىشنى بۇيرۇغانىكەن، تۇلۇم شەھەر سىرتىدىكى دەريانىڭ ھەممە سۈيىنى سۈمۈرۈپ، شەھەرگە قارىتىپ بىر چاچقانىكەن. شەھەرنى ئىلگىرىكىدىنمۇ پاك ـ پاكىز قىلىۋېتىپتۇ، دەرەخلەر يەنە ياپيېشىل بوپتۇ، كوچىلار سۇ چاچقاندەك تازا بوپتۇ. ئۆي ـ ئىمارەتلەر يامغۇردا تازىلانغاندەك كۈن نۇرىدا پارقىراپتۇ.

سىرلىق شەھەر پادىشاھى نائىلاج سۆزىدە تۇرۇپ خاسىيەتلىك ئۈزۈكنى شاھزادىگە سۇنۇپتۇ ـ دە:

— ئوغلۇم، مۇھەببەت دېگەن ئاللاھنىڭ مېھرى، ئۇنىڭغا ئىنسانلارلا ئەمەس، كۆللۇ تەبىئەتتىكى ھەممە جانلىق ھېسداشلىق قىلىدۇ. سېنىڭ مۇھەببىتىڭ ئۈچۈن دۇنيادا مەن ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك بولغان نەرسەمدىن كەچتىم. مۇراد ـ مەقسىتىڭگە يەتكەيسەن!... دەپ، شاھزادىنى شەھەر سىرتىغىچە ئۇزىتىپ چىقىپتۇ.

شاھزادە دوستلىرىنى ئېلىپ قايتىپتۇ، تۇلۇم بىلەن شاھزادە يەنە ئاقساقنىڭ مۇرىسىنى تۇتۇپ، ئۇزاق سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ، ئۇلار ئۆز مەنزىلگە كەلگەندە، تۇلۇم بىلەن ئاقساق ئادەم شاھزادىگە بەخت ـ ئامەت تىلەپ يولدا قاپتۇ، شاھزادە ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىپتۇ.

شاھزادە ئۇزاق يوللارنى، تاغ ـ داۋانلارنى ئېشىپ ئاخىر تاغ پەرىسىنىڭ ماكانىغا كەپتۇ ۋە يەنە قارا قىيا تاش ئالدىدا تۇرۇپ، ھېلىقى ناخشىنى ئېيتقانىكەن، ئالدىدا گۈزەل پەرى دەرىخا پەيدا بوپتۇ.

دەرىخا شاھزادە بەرگەن خاسىيەتلىك ئۈزۈكنى ئېلىپ قولىغا سالغانىكەن، ئىككى قولىدىكى ئىككى ئۈزۈك نۇرلىنىپ، تاغ ئوردىسى چاقناپ كېتىپتۇ، دەرىخا خۇشاللىقىدىن ھاياجانلىنىپ ئۇسسۇل ئويناپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ لەۋەن ئۇسسۇلىنى كۆرگەن شاھزادە بولۇپ، ئوردىدا بىر نەچچە كۈن ئۆز ئەسلىگە كېلەلمەپتۇ، ئاخىر دەرىخا دەپتىكى:

— ئەي يىگىت، مېنىڭ ئۈزۈمنىڭ ئىككى شەرتى ئورۇندالدى: ئۈزۈكۈم ۋە ئالتۇن بېلىقىم جۈپلەشتى. مەن ئەمدى بولدى دەپ ئۈزۈم سەن بىلەن جۈپ بولسام بولۇر ئىدى. ئەمما ھەممىگە بەخت كەلتۈرگۈچى سېھىرلىك ئەڭگۈشتەرىم جۈپلەنمىسە بۇ ئوردامدىكى ھايۋانات، ئۇچار قۇشلىرىم جۈپسىز قالۇر شۇڭا، يىگىت ئاخىرقى شەرتىمنى ئورۇندىغايسەن: ئۇ ئەڭگۈشتەر ئاجايىپ ـ غارايىپ شەھەرنىڭ پادىشاھى ھورداقنىڭ قولىدۇدۇر.

شاھزادە ئارزۇخان يەنە سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.

### سېھىرلىك ئەڭگۈشتەرنى ئىزدەش

شاھزادە ئاجايىپ ـ غارايىپ شەھەرنىڭ نەدىلىكىنىمۇ بىلمەيدىكەن، ئۇ تەۋەككۇل دەپ بىر يولغا چۈشۈپتۇ. مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، چارچاپتۇ، ئاخىر بىر دەريا بويىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ دەريا ساھىلىدا دەم ئېلىپ، ئاجايىپ ـ غارايىپ شەھەرنى قانداق تېپىش توغرىسىدا خىيال قىلىپ قايغۇرۇپ ئولتۇرغاندا دەريا سۈيى قىرغاقتا كۈچلۈك دولقۇن ئۆرۈپ، ھايقىرغاندەك بوپتۇ ـ دە، سۇ ئىچىدىن ئالتۇن بېلىق ئېتىلىپ چىقىپتۇ. شاھزادە چۆچۈپ كېتىپتۇ، ئاڭغىچە ئالتۇن بېلىق بىر سىلكىنىپتۇ ـ دە، ئاق يۈزلۈك پەرىزاتقا ئايلىنىپتۇ. شاھزادە ھەيران بوپتۇ ھەم خۇشال بوپتۇ ۋە پەرىزاتتىن:

— سىز بۇ يەرگە قانداق پەيدا بولۇپ قالدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن دەرىخا پەرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدىم، — دەپتۇ ئالتۇن بېلىق پەرىزات مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ قايغۇردۇم، شۇنىڭ بىلەن مەرمەر كۆلچەككە سۇ كىرىدىغان تۆشۈككە ئۆزۈمنى ئۇرۇپ، ناھايىتى تەستە قېچىپ چىقتىم. سىز ئاجايىپ ـ غارايىپ شەھىرىنى ھەرگىز تاپالمايسىز. ئۇنى پەقەت ھەدەم — چولپان يۈزلۈك پادىشاھىمىزلا بىلىدۇ. چۈنكى ئاجايىپ ـ غارايىپ شەھىرىنىڭ پادىشاھى ھورداق ھەدەمگە ئاشىق. ھەدەم تا ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭغا ماقۇل بولمىدى. شۇڭا ئۇ بىچارە لەشكەر تارتىپمۇ ھەدەمنى بويسۇندۇرالمىدى. مەن ھازىر سىزنى ھەدەمنىڭ قېشىغا باشلاپ باراي، تۇغقانلىرىم بىلەن كۆرۈشەي، ئەھۋالىڭىزنى دەي.

ئالتۇن بېلىق پەرىزات بىلەن شاھزادە يەنە سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. مەنزىلگە ئاز قالغاندا ئالتۇن بېلىق پەرىزات دەرياغا چۈشۈپتۇ ـ دە، تۇغقانلىرىغا خەۋەر قىلغىلى كېتىپتۇ. بىر مەنزىلگە كەلگەندە ئالتۇن بېلىق يەنە دەريادىن

چىقىپتۇ-دە، شاھزادىنى دەريا ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ كېتىپتۇ. سۇ پادىشاھى چولپان يۇزلۇك پەرىزات ۋە باشقا ئوردا خانىشلىرى-كېنىزەكلىرى، ئۆزى بىر غېرىبچ، ساقىلى يەتتە غېرىبچ مەخلۇقلار، ھەر چوڭ لەھەڭ بېلىقلار، يۇنۇس بېلىقلار، يىلان-پاقىلار شاھزادىنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ. پادىشاھ چولپان يۇزلۇك پەرىزات ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇزاق ئويلىنىپتۇ، چۈنكى ئاجايىپ-غارايىپ شەھرى ناھايىتى يىراقتىكى بىر چوڭ كۆل ئاستىدا ئىكەن. ئۇنىڭغا پەقەت سۇ ئاستىدىنلا بارغىلى بولىدىكەن. ئاخىر پادىشاھ پەرىزات بىر چوڭ يۇنۇس بېلىقىغا بۇيرۇپتۇكى:

— ئى يۇنۇس بېلىقىم، سەن شاھزادىنى يۇتۇپ ھورداقنىڭ قېشىغا ئېلىپ بار، مەن، بۇ گۆھەرنى ئال، ھورداق بۇ گۆھەرنى ئېلىپ، ئۆز گۆھىرىنى شاھزادىگە بەرسۇن. ئەگەر ياخشىلىقچە بەرمىسە جەڭ قىلغىن، ئۇ چاغدا ئاجايىپ-غارايىپ شەھرىمۇ يوق بولىدۇ، پۈتۈن دەريا-دېڭىز قانغا بويىلىدۇ.

— ئەي ئۇلۇغ دېڭىز شاھى، — دەپتۇ شاھزادە چۈشەنمەي، — سىزدىمۇ سېھىرلىك گۆھەر بار ئىكەن، ئۇنى ماڭا بەرسىڭىز ئۇنى دەرىخا پەرىگە ئاپارسام بولمامدۇ؟

— سەن ئىزدىگەن گۆھەر بۇ ئەمەس، — دەپتۇ سۇ پادىشاھى، — مېنىڭ گۆھىرىمدە بېلىقنىڭ سۈرىتى بار، ھورداقنىڭ گۆھىرىدە بولسا گۆھەر ئىچىدە يەنە نۇرلۇق گۆھەر بار، دەرىخانىڭ ئىزدىگەن گۆھىرى شۇ.

شاھزادە چۈشىنىپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ: ھەيۋەتلىك چوڭ يۇنۇس بېلىقى ئۇنى يۇتۇپتۇ-دە ئوقتەك ئۈزۈپ كېتىپتۇ. ئالتۇن بېلىقمۇ دەرىخا پەرى بىلىپ قالمىسۇن دەپ قېرىنداشلىرى بىلەن خوشلىشىپ مەرمەر كۆلگە قاراپ كېتىپتۇ.

ئەمدى گەپنى شاھى ھورداقتىن ئاڭلاڭ:

ئاجايىپ-غارايىپ شەھرىنىڭ پادىشاھى ھورداق يۇنۇس بېلىقنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇش بوپتۇ چۈنكى ئۇ مەشۇقۇم چولپان يۇزلۇك پەرىزاتتىن بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلدى دەپ ئويلاپتۇ، ئەمما شاھزادىنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ. نېمىلا بولمىسۇن ھورداق شاھى ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ، ھەتتا يۇنۇس بېلىقنى يېنىغا ئولتۇرۇغۇزۇۋېلىپ يۇراپ:

— سېنىڭدە مەشۇقۇمنىڭ ھىدى بار، شۇڭا ماڭا يېقىن ئولتۇر! — دەپتۇ.

ھورداق شاھ زىياپەتتىن كېيىن ئۇلاردىن ئەھۋال سوراپتۇ، يۇنۇس بېلىقى ئۆز پادىشاھىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى بۇ يەرگە ئەۋەتكەنلىكىنى سۆزلەپتۇ.

ھورداق شاھزادىدىن ئۆزىنىڭ سېھىرلىك ئەڭگۈشتەرىنىڭ ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن كېرەك بولۇپ قالغانلىقىنى سوراپتۇ. شاھزادە بېشىدىن ئۆتكەن ھەممە كەچمىشىنى قويماي سۆزلەپتۇ، شۇندا ھورداق شاھ شاھزادىغا تولىمۇ ھېسداشلىق قىلىپ ئىشق ئازابىنىڭ ھەقىقەتەن يامان دەرد ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭمۇ سۇ پەرىسى چولپان يۇزلۇك پادىشاھقا ئاشىق بولۇپ قېلىپ، تا ھازىرغىچە ۋىسالىغا يېتەلمەي ئازاب-دەرد تارتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

ئىككى دەردمەن ئاشىقنىڭ گېپى تاڭ ئاتقىچە تۈگىمەپتۇ. ھورداق شاھ ئاخىرى:

— ئەي يىگىت، سەنمۇ مەندەك ئاشىق-دەردمەن ئىكەنسەن، سېنىڭ بۇ مۇھەببەت داستانىڭدىن تولىمۇ تەسىرلەندىم. ئىرادىلىك، سەۋرلىك يىگىت ئىكەنسەن، سېنىڭ بۇ مۇھەببەت يولۇڭغا ئاشۇ ئاقساق ئادەملەر يار-دەمدە، ھەمدەمدە بولۇۋاتقان يەردە، مەن بىر ئالىيجاناب شاھ تۇرۇپ ھەمدەم بولمىسام بولۇرمۇ؟ مەن خاسىيەتلىك گۆھىرىمنى ساڭا بېرەي. سەن ئۇنى ئېلىپ بېرىپ تاغ پەرىسى بىلەن مۇراد-مەقسىتىڭگە يەتكەيسەن، ئەمما سەنمۇ مەندەك ئاشىق دوستۇڭنى دەردىنى يېنىكلەتكەيسەن. سۇ پەرىسى سېنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلايدۇ، ئۇنىڭغا مېنىڭ دەردىمنى ئېيتىپ، مېنىمۇ مۇراد-مەقسىتىمگە يەتكۈزگەيسەن، — دەپتۇ.

شاھزادە ماقۇل بوپتۇ. ھورداق شاھ كاتتا سوۋغا-سالاملارنى تەييارلاپ، سۇ پەرىسىنىڭ ئېلىگە ئاتلىنىپتۇ. سۇ پەرىسىمۇ ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ، كۈتۈپتۇ. سۇڭرە شاھزادە ۋە يۇنۇس بېلىقى ھەممە ئەھۋالنى سۇ پەرىسىگە ئېيتىپتۇ. سۇ پەرىسى دەسلەپتە خاپا بوپتۇ. ئەمما كېيىن شاھزادىنىڭ يالۋۇرۇشى ۋە ئۆتۈنۈشى بىلەن ئاخىر ھورداق شاھقا تېگىشكە رازى بوپتۇ، لېكىن ئۇ مۇنداق دەپتۇ:

— ئى ھورداق شاھ، سېنىڭ ماڭا ئاشىقلىقىڭ ئايان، سەن قانچە يىللاردىن بېرى سۇ ئىچىدىكى قانچە مۆتىۋەرلەرنى ئالدىمغا كەلتۈردۈڭ، مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلدىم، ئەمما سەن بۇ قېتىم ئالەمدىكى ئەڭ ئۇلۇغ دانىشمەن زات بولغان ئادىمزاتنى ئەلچىلىككە قويۇپسەن،

بىز ھەممىمىز ئادەمزات ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز. بۇ ئادەمزاتنىڭ ئۇلۇغ مۇھەببىتى ۋە ھۆرمىتى ئۈچۈن بولىدۇ، مەن ماقۇل بولاي، بىراق سەنمۇ ئۆز شەھىرىڭدە، مەنمۇ ئۆز ماكانىمدا پادىشاھلىق قىلايلى!

ھورداق شاھ سۇ پەرى پادىشاھىنىڭ بۇ تەلىپىگە قوشۇلۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سۇ ئوردىسىدا بۇ خۇشاللىقنىڭ كاتتا تەنتەنىسى بولۇپ، سۇ ھايۋانلىرى، بېلىقلار، يىلانپاقىلار ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ.

شاھزادە ھورداقنىڭ گۆھىرى ئىچىدە گۆھىرى بار سېھىرلىك ئەڭگۈشتەرنى ئېلىپ، ھەممىسى بىلەن خوشلىشىپتۇ، سۇ پەرى شاھ ۋە باشقىلار ئۇنى چۆرىدەپ تەنتەنە بىلەن يەر ئۈستىگە ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

ئەمدى گەپنى شاھزادە ئارزۇخاندىن ئاڭلاڭ:

شاھزادە ئەڭگۈشتەرنى ئالتۇن كەمەرگە مەھكەم باغلاپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇ يول يۈرۈپتۇ، مول يۈرۈپتۇ، سەپەرنىڭ 3-كۈنى ئۇنىڭغا يولدا ئىككى ئادەم ئۇچراپتۇ. ئۇلار كۆرۈنۈشى سالاپەتلىك، گەپ-سۆزلىرى شېرىن، ئەمما نىيىتى يامان قاراقچىلار ئىكەن. قاراقچىلار توپى شاھ خەزىنىسىگە تەگكەندە، بۇ ئىككىسىنىڭ ئېتىغا ئوقيا ئوقى تېگىپ باشقىلار بىلەن بىللە قاچالماي توپتىن ئايرىلىپ قالغانلار ئىكەن.

ئۇلار يولبويى شېرىن سۆزلەپ، شاھزادىنىڭ كۆڭلىدە ياخشى تەسىر قالدۇرۇپتۇ. كەچ كىرگەندە ئۇلار بىر قونالغۇغا كەپتۇ، ئوزۇقلىنىپتۇ، دەم ئاپتۇ، سۆھبەتلىشىپتۇ.

ھاۋا ئىسسىق، ئۆي ئىچى تىنجىق بولغاچقا شاھزادە ھېچنېمە ئويلىمايلا پەشمىسىنى سالغانىكەن، قاراقچىلار ئۇنىڭ ئالتۇن كەمىرىنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە بىر-بىرىگە قاراپ كۆزلىرى ئويناپ كېتىپتۇ. قاراقچىلارنىڭ چوڭىدا ئادەمنى مەست قىلىدىغان مەجۇن بار ئىكەن، چۈنكى ئۇلار بەزى يەرلەردە بۇ مەجۇن بىلەن ئادەملەرنى مەست قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئالتۇن-كۈمۈشلىرىنى بۇلاپ كېتىدىكەن.

ئۇلار يېتىشتىن ئىلگىرى چاي ئىچكەندە، قاراقچىلارنىڭ چوڭى ھېلىقى مەجۇندىن تېرىقتەك ئاپتۇ-دە، شاھزادىنىڭ چېيىغا سېلىۋېتىپتۇ، شاھزادە بۇنى سەزمەپتۇ. شاھزادە مەست بولۇپ بۇ بويىچە غەرق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

قاراقچىلار شاھزادىنىڭ كىيىمىنى يېشىندۈرۈپ ئالتۇنكەمەرنى ئاپتۇ، قارىسا كەمەرگە باغلاقلىق بىر ئالتۇن تۈگۈنچەك تۇرغان، تۈگۈنچەكنى ئاچقانىكەن، ئىچىدىن نۇرلۇق بىر گۆھەر چىقىپتۇ.

قاراقچىلار قىن-قىنىغا پاتماي خۇشال بولۇشۇپ، بىرسى گۆھەرنى، بىرسى ئالتۇن كەمەرنى ئاپتۇ-دە، كېچىلەپ چۆل ئىچىگە كىرىپ غايىب بوپتۇ.

شاھزادە ئەتىسى ئورنىدىن گاراڭ بولۇپ تۇرۇپتۇ، ئۇ بىر ھازادىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ قارىسا ھېلىقى ئىككى ھەمراھى يوق، ئۆزى يالاڭ تۇرغان، كىيىملىرى ئۇ يەر، بۇ يەردە چېچىلىپ تۇرۇپتۇ، ئالتۇن كەمەرمۇ، كەمەرگە باغلانغان ئەڭگۈشتەرمۇ يوق، شاھزادە «ئاھ!» دەپتۇ-دە ھوشىدىن كېتىپتۇ.

ئۇ ھوشىغا كەلگەندە كۈن چاشكا بوپتۇ. ئۇ ئالمان-تالمان كىيىملىرىنى كىيىپتۇ-دە، قاراقچىلارنى ئىزدەپ چۆلگە كىرىپتۇ. ئۇلارنى تاپقىلى بولسۇنمۇ. شاھزادە ئۇياققا چېپىپتۇ، بۇياققا چېپىپتۇ، قاراقچىلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ، بېشى قېيىپ كەتكەن شاھزادە ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە مېڭىۋېرىپتۇ، شامال، ئاندىن بوران چىقىپتۇ، يوللارنى قۇم بارخانلىرى تورىۋاپتۇ، شاھزادە ئاھ دەپتۇ، قايغۇرۇپتۇ، يىغلاپتۇ، مەيدىسىنى يەرگە يېقىپ بوزلاپتۇ، لېكىن ھېچقانداق ئامال قىلىپ ئەڭگۈشتەرنىڭ خەۋىرىنى ئالالماپتۇ.

بوران ئىچىدە پات-پات پەرىسى دەرىخانىڭ ھېلىقى يېقىملىق ناخشىسى ئاڭلىنىپ قالىدىكەن. شاھزادە ھەر قېتىم بۇ ناخشىنى ئاڭلىغاندا ھوشىدىن كېتىپ يىغلايدىكەن. ئۆزىنىڭ ئەجرىنىڭ بىكار كەتكەنلىكىگە، بىچارىلىقىغا، دەرىخانىڭ ۋىسالىغا يېتەلمىگەنلىكىگە ئۆكۈنۈپ ئاھ ئۇرىدىكەن. دەرۋىشلەردەك يولبويى مۆڭگۈلۈك، دەردلىك ناخشىسىنى ھەسرەت بىلەن، كۆز ياشلىرى بىلەن ئېيتىدىكەن.

ئاھ-دەرىخا دەردى بىلەن،
مەن ئادا بولدۇم نېتەي.
دۇررى گۆھەرنى يۈتۈردۈم.
تاپمىدىم، ئۆلدۈم نېتەي...

راۋىيلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ يىگىت ھېلىمۇ ئاشۇ چۆلدە ھەسرەتلىك ناخشىسىنى ئېيتىپ، گۆھەر ئىچىدە گۆھىرى بار سېھىرلىك ئەڭگۈشتەرنى ئىزدەپ يۈرگىدەك...

(ئابدۇشۇكۈر ئىمىن تارىخنىڭ ئېيتىپ بەرگەن چۆچىكىگە ئاساسەن قىلىپ ئىجادىي ئىشلەندى)

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ئاتالمىلىرى ھەققىدە

خەمىت ئالىمجان





ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ئاتالمىلىرى ئۇرۇق-تۇغ-
قانچىلىق مۇناسىۋەتلىرى دائىرىسىدە بىر-بىرى بىلەن
قانداشلىق، قېرىنداشلىق، نىكاھلىنىش، قۇدا-باجىلىق
ۋە بېقىش-بېقىۋېلىش مۇناسىۋىتىگە ئىگە كىشىلەر ئارى-
سىدا بىر-بىرىنى ئاتاش ۋە چاقىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان
ئاتالمىلار ياكى سۆزلەرنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ،
ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ئاتالمىلىرى ھەرقايسى مىللەت
ۋە جەمئىيەتلەردە شۇ مىللەتنىڭ قەدىمدىن تارتىپ دا-
ۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۇرۇقداشلىق ۋە جەمەت مۇناسى-
ۋەتلىرى ۋە شۇنىڭغا ئائىت تۈرلۈك تۈزۈملەرنى
مەلۇم جەھەتتە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ، شۇنداقلا
بىر مىللەتنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىگە
ئېتىبار بېرىش دەرىجىلىرىنى، ئۇلارنىڭ تىللىرىنىڭ
لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى، ئۇلارنىڭ باشقا مىللەت
تىللىرىدىن سۆزلەملەرنى قوبۇل قىلىش ئەھۋاللىرىنى
ھەم ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئۇرۇق-تۇغقانچى-
لىق ئاتالمىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئىختىيارىي بول-
ماستىن، بەلكى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ھەر خىل
مۇناسىۋەتلەر دائىرىسىدىكى كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋەتلى-
رىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئە-
نىسى، تۈزۈملىرى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئۇسۇللى-
رى، شۇنداقلا جەمئىيەت قۇرۇلمىسى تەرىپىدىن بەلگىلى-
نىدۇ. يەنى ئىپتىدائىي دەۋرلەردىن تارتىپلا شەكىللىنىپ دا-
ۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرى-
دە كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىنى چاقىرىش ۋە ئاتاشتا ئىشلىتى-
لىدىغان ئاتالغۇلىرى گەرچە شۇ مىللەت تىلىدىكى سۆزلۈكلەر
ئاساسىدا شەكىللەنسىمۇ، لېكىن شۇ سۆزلەكلەر ئەكس ئەت-
تۈرىدىغان مەنىلەر كىشىلەرنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇنا-
سىۋەتلىرىگە تۇتقان پوزىتسىيەسىنى، ھەر بىر خەلقنىڭ
ئۇرۇق ياكى جەمەت مۇناسىۋەتلىرىگە قارىتا مۇھىم قاراش-
لىرى ھەمدە نىكاھلىنىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ شەكلىنى، شۇن-
داقلا شۇلاردىكى ئۆزگىرىشلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمىي مەدەنىيەتلىك
مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىدە، قەدىمدىن تارتىپلا
ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتى-
لىدىغان بىر قاتار ئاتالغۇلارنى ئىجاد قىلغان ياكى باشقا
مىللەت تىللىرىدىن قوبۇل قىلىپ ئىشلەتكەن. ھازىرقى
دەۋردە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئاتا تەرەپ تۇغقانلارنىڭ نامى
بىلەن ئانا تەرەپ تۇغقانلارنىڭ نامى ئېنىق پەرقلەندۈرۈلمە-
گەن، بەلكى مەخسۇس نام بىلەن ئەمەس، شەرھلەش ئۇسۇ-
لى بىلەن ئاتالغان (چوڭ ۋە كىچىك دېگەنگە ئوخشاش سۆ-
پەتلەرنى قوشۇش ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈلگەن).

ئەمما، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى قەدىمكى ئۇرۇق-
داشلىق دەۋرىدە، ۋاسىتىلىك تۇغقانلىرىنىمۇ مەخسۇس نام
بىلەن ئاتىغان ئەھۋالنى قىياس قىلىش مۇمكىن. مەھمۇد
كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە
تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى
خاتىرىلەنگەندۇر:

Yurq — خوتۇننىڭ ئىنىسى، يەنى ئەرنىڭ قېيىنئىنىسى.
Ini — خوتۇنغا نىسبەتەن ئەرنىڭ ئۆزىدىن كىچىك
ئۇكىسى ئىنى بولىدۇ.
SiniL — ئەرنىڭ ئۆزىدىن كىچىك قىز قېرىندىشى.
Baldiz — ئەرگە نىسبەتەن خوتۇننىڭ ئۆزىدىن
كىچىك قىز قېرىندىشى.
Aga — ئەرگە نىسبەتەن خوتۇننىڭ ئۆزىدىن چوڭ
قىز قېرىندىشى①.

مەلۇمكى، ھازىرقى دەۋردە «دىۋانۇ لۇغەتىت
تۈرك»تە خاتىرىلەنگەن يۇقىرىقى ئاتالمىلار ئىچىدە،
«يۇرچ»، «بالدىز» قاتارلىقلار ھازىر ئىشلىتىلمەيدىغان
بولۇپ قالغان. «ئىنى» ئىبارىسى ئۆز پېتىچە ئىشلىتىلىپ
كەلمەكتە. «سىنىل» ئىبارىسى بولسا «سىڭىل» شەكلىدە
قەدىمكىدىن قىسمەن پەرقلىق ھالدا ئەر ياكى ئايالنىڭ ئۆ-
زىدىن كىچىك ياشتىكى ئايال جىنسلىق ھەمشىرىسىنى
كۆرسىتىدىغان بولدى. «ئاغا» ئىبارىسى بولسا بەزىدە
«ئاكا» بىلەن تەڭداش ئىشلىتىلگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا،
بەزىدە قانداشلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە بولمىغان چوڭراق
ياشتىكى ئەرلەرنى ئاتاشقا ئىشلىتىدىغان بولۇپ قالدى.
يەنە بەزىدە بۇ «ئىنى» سۆزى بىلەن قوشۇلۇپ «ئاغا-
ئىنى» ۋە ئۇنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى «ئاغىنە» شەكلىدە
دوستنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ قالدى.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان-
دەك، ئاتا ۋە ئانا ئۇرۇقتا تەۋە بولغان ھەرقايسى قاتلام-
دىكى ئۇرۇق-تۇغقانلارنى پەرقلەندۈرۈپ ئاتاشتەك ئەن-
ئەنە ئاساسەن يوقلىپ، تۆۋەندىكىدەك ناملار مۇقىمل-
شىپ قالغان:

**ئاتا، دادا:** بۇ شەخسنىڭ ئۆزىنى تەۋەللۇت قىلغان
ئەر جىنسلىق كىشىگە نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ. بۇنىڭ يەنە
«دادا» ۋارىيانتىمۇ بىر بولۇپ، شىمالىي شىنجاڭنىڭ كۆپ
قىسىم رايونلىرى، ئاقسۇ، خوتەن ۋە قەشقەرنىڭ كۆپىنچە
رايونلىرىدىكى ئۇيغۇرلار «دادا» ئىبارىسىنى ئىشلىتىپ
ئۆزىنى تۇغقان ئەر جىنسلىق كىشىنى كۆرسىتىدۇ، قالغان
رايونلاردا «ئاتا» سۆزى ئىشلىتىلىدۇ.

**ئانا، ئاپا:** بۇ شەخسنىڭ ئۆزىنى تەۋەللۇت قىلغان
ئايال جىنسلىق كىشىگە نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ. ئەمما يېقىنقى
مەزگىللەردە ئەسلىدە «ئاچا» مەنىسىگە ئىگە «ئاپا» ئا-
تالمىسى كەڭ ئومۇملىشىپ، «ئانا»نىڭ ئورنىنى ئېلىش
خاھىشى گەۋدىلەنمەكتە.

**بوۋا:** بۇ «شەخسنىڭ ئاتىسى ياكى ئانىسىنىڭ ئاتىسى
(ياكى دادىسى)» مەنىسىدە ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ
كىلاسسىك ئەسەرلەردە «بابا» شەكلىمۇ ئۇچرايدىغان
بولۇپ، بەلكىم «بوۋا» سۆزى «بابا» سۆزىنىڭ فونېتىك-
لىق ئۆزگىرىش ياسىشىدىن شەكىللەنگەن بولۇشى مۇمكىن.
قەشقەر، ئاتۇش ۋە باشقا بىر قىسىم رايونلاردىكى ئۇيغۇر-
لار بوۋىسىنى «چوڭ دادا» ياكى «چوڭ ئاتا» دەپ چاق-
رىدۇ. ئەمما، يەنە بەزى رايونلاردا «چوڭ دادا» ياكى
«چوڭ ئاتا» بوۋانى كۆرسەتمەستىن، بەلكى تاغىلارنى
كۆرسىتىدۇ، ئۇيغۇرلاردا ئانا تەرەپ بوۋا بىلەن ئاتا تەرەپ
بوۋىنى پەرقلەندۈرۈپ ئاتايدىغان ئەھۋال يوق.

**موما:** بۇ «شەخسنىڭ ئاتىسى ياكى ئانىسىنىڭ ئانى-
سى»نى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئانا تەرەپ موما بىلەن ئاتا
تەرەپ مومىنى پەرقلەندۈرۈپ ئاتايدىغان ئەھۋال يوق.

**ئۇلۇغ بوۋا ۋە ئۇلۇغ موما:** بۇ ئاتالمىلار
شەخسنىڭ ئۆزىنىڭ بوۋا-مومىسىنىڭ ئاتىلىرىنى ۋە ئانىلى-
رىنى، يەنى شەخس ئۆزىنىڭ 3-ئەجدادىنى كۆرسىتىشتە
ئىشلىتىدىغان ئاتالغۇلار بولۇپ، بۇلار بەزىدە 3-ئەجداد-
تىن يۇقىرىدىكى بارلىق بوۋىلار ۋە مومىلار، جۈملىدىن، 4-،
5-، 6-... ئەجدادقا تەۋە بوۋىلارنى ۋە مومىلارنى كۆر-
سىتىشكىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئەر جىنسلىق بىۋاستە قانداش
ئەجدادلار بەزىدە «... بوۋا»، «... موما» دېگەندەك
سۆزلەر ئارقىلىقمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

**نەۋرە:** بۇ شەخسنىڭ قىز ياكى ئوغۇل پەرزەنتىنىڭ
پەرزەنتلىرىنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئىبارىنىڭمۇ
جىنس پەرقى يوق بولغاچقا، كونكرېت نەۋرىلەرنى كۆر-
سىتىشكە ئىشلىتىلگەندە «ئوغۇل نەۋرە» ۋە «قىز
نەۋرە» دەپ ئايرىلىدۇ. بۇ ئىبارىنىڭ يەنە ئوغۇل پەر-
زەنتلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى ۋە قىز پەرزەنتلەرنىڭ پەرزەنت-
لىرىنى پەرقلەندۈرىدىغان خۇسۇسىيىتى يوق بولغاچقا، ئۇ
بىردەك بارلىق نەۋرىلەرگە قارىتىلغان بولىدۇ.

**ئەۋرە:** بۇ، شەخسنىڭ قىز ياكى ئوغۇل پەرزەنتىنىڭ
پەرزەنتلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنى، يەنى ئۇلارنىڭ نەۋرىلىرد-
نى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئىبارىنىڭمۇ جىنس پەرقى
يوق بولغاچقا، كونكرېت ئەۋرىلەرنى كۆرسىتىشكە ئىشلە-
تىلگەندە «ئوغۇل ئەۋرە» ۋە «قىز ئەۋرە» دەپ ئايرد-
لىدۇ. بۇ ئىبارىنىڭ يەنە ئوغۇل پەرزەنتلەرنىڭ نەۋرىلىرد-
نى ۋە قىز پەرزەنتلەرنىڭ نەۋرىلىرىنى پەرقلەندۈرىدىغان
خۇسۇسىيىتى يوق بولغاچقا، ئۇ بىردەك بارلىق نەۋرىلەر-
گە قارىتىلغان بولىدۇ.

**چەۋرە:** بۇ شەخسنىڭ قىز ياكى ئوغۇل پەرزەنتىنىڭ

پەرزەنتلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنى، يەنى شەخسنىڭ 3-بوغۇندىكى ئەۋلادلىرىنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئىبارىنىڭمۇ ئوخشاشلا جىنس پەرقى يوق بولغاچقا، كونكرېت چەۋرىلەرنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلگەندە، «ئوغۇل چەۋرە» ۋە «قىز چەۋرە» دەپ ئايرىلىدۇ. بۇ ئىبارىنىڭ يەنە ئوغۇل پەرزەنتلەرنىڭ ئەۋرىلىرىنى ۋە قىز پەرزەنتلەرنىڭ ئەۋرىلىرىنى پەرقلەندۈرىدىغان خۇسۇسىيىتى يوق بولغاچقا، ئۇ بىردەك بارلىق ئەۋرىلەرگە قارىتىلغان.

ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، بەزى جايلاردىكى ئۇيغۇرلاردا «ئەۋرە» ئادەتتە «پەي نەۋرە»، «چەۋرە» بولسا «كۆكۈن نەۋرە» دەپ ئاتىلىدىغان ئەھۋالمۇ باردۇر. يۇقىرىدا تىزىپ كۆرسىتىلگىنىدەك، ئۇيغۇرلاردا بىر شەخسنىڭ ئۆزىدىن كېيىنكى 3-ئەۋلاد ياكى بوغۇن (يەنى چەۋرە)دىن كېيىنكى ئەۋلادلارنى پەرقلەندۈرۈپ ئاتايدىغان سۆزلەر ئىشلىتىلمىگەندۇر.

**ئاكا:** بۇ شەخسنىڭ ئۆزى بىلەن قانداشلىق ياكى قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتتىكى (يەنى بىر ئاتا ۋە بىر ئانىدىن تۇغۇلغان ياكى بىر ئاتا-باشقا ئانىدىن ۋە ياكى بىر ئانا-باشقا ئاتىدىن تۇغۇلغان) ھەمدە بىر بوغۇنغا تەۋە بولغان، يېشى ئۆزىدىن چوڭ بولغان ئەر جىنسلىق تۇغقىنىنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ قەدىمدە «ئاغا» شەكلىمۇ بار بولغان بولۇپ، ھازىر ئىستېمالدا ئۇنىڭ مەنىسى ئۆزگىرىپ كەتتى. «ئاكا» ئاتالمىسى ناۋادا بىر شەخسنىڭ بىر قانچە ئاكىسىغا نىسبەتەن ئىشلىتىلگەندە، ئۇنىڭ ئالدىغا «چوڭ»، «ئوتتۇرانچى» ياكى «كىچىك» سۆزلىرى قوشۇلۇپ، «چوڭ ئاكا»، «ئوتتۇرانچى ئاكا»، «كىچىك ئاكا» دېگەندەك ئاتىلىدۇ.

**ئاچا، ھەدە، ئايلا:** بۇ شەخسنىڭ ئۆزى بىلەن قانداشلىق ياكى قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتتىكى (يەنى بىر ئاتا ۋە بىر ئانىدىن تۇغۇلغان ياكى بىر ئاتا-باشقا ئانىدىن ۋە ياكى بىر ئانا-باشقا ئاتىدىن تۇغۇلغان) ھەمدە بىر بوغۇنغا تەۋە بولغان، يېشى ئۆزىدىن چوڭ بولغان ئايال جىنسلىق تۇغقىنىنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ. خوتەننىڭ قىسمەن رايونلىرىدا (جۈملىدىن كېرىيەدە) «ئاچا سۆزىنىڭ ئورنىغا «ئاپا» سۆزى ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، بۇ قەدىمكى ئاتاش ئادىتىگە ئۇيغۇن سۆزدۇر. ئەمما، ھازىر «ئاپا» سۆزى ۋە «ئاچا»دىن ئىبارەت لېكسىكىلىق مەنىسىدىن ئاساسەن مەھرۇم بولۇۋاتىدۇ. چوڭ ۋە كىچىك ئاچىلارنىڭ ئاتىلىشى خۇددى يۇقىرىدىكى «ئاكا» سۆزىنىڭ ئىشلىتىلىشىدىكى ئەھۋاللارغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلاردا «ئاچا» سۆزى بىلەن پۈتۈنلەي تەڭداش «ھەدە» سۆزى بار بولۇپ، بۇ سۆز شىمالىي شىنجاڭدا، جۈملىدىن ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئومۇملاشقاندۇر. «ئاچا» ۋە «ھەدە» سۆزلىرى بىلەن بىر قاتاردا، شۇ مەنىدىكى بىر سۆز «ئايلا»دۇر. بۇ سۆز تۇرپان ۋە قومۇلنىڭ قىسمەن جايلىرىدا «ئاچا» مەنىسىدە ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە.

**ئىنى، ئۇكا:** بۇ شەخسنىڭ ئۆزى بىلەن قانداشلىق ياكى قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتتىكى (يەنى بىر ئاتا ۋە بىر ئانىدىن تۇغۇلغان ياكى بىر ئاتا-باشقا ئانىدىن ۋە ياكى بىر ئانا-باشقا ئاتىدىن تۇغۇلغان) ھەمدە بىر بوغۇنغا تەۋە بولغان، يېشى ئۆزىدىن كىچىك بولغان ئەر جىنسلىق تۇغقىنىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سۆزنىڭ تارىخى بەك ئۇزاق بولۇپ، ئۇ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە خاتىرىلەنگەن ھەمدە شەرھلەنگەندۇر. ئۇيغۇرلاردا «ئىنى» ئىبارىسى بىلەن بىرلىكتە يەنە «ئۇكا» سۆزىمۇ تەڭداش مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما «ئۇكا» بەزىدە بىر كىشى ئۆزىنىڭ ئىنىسى بولمىغان ئەر جىنسلىق كىشىلەرنى ھۆرمەت يۈزىسىدىن چاقىرىشتىمۇ قوللىنىلىدۇ.

**سىڭىل:** بۇ ئىبارىمۇ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە خاتىرىلەنگەن. بۇ شەخسنىڭ ئۆزى بىلەن قانداشلىق ياكى قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتتىكى (يەنى بىر ئاتا ۋە بىر ئانىدىن تۇغۇلغان ياكى بىر ئاتا-باشقا ئانىدىن ۋە ياكى بىر ئانا-باشقا ئاتىدىن تۇغۇلغان) ھەمدە بىر بوغۇنغا تەۋە بولغان، يېشى ئۆزىدىن كىچىك بولغان ئايال جىنسلىق تۇغقىنىنى كۆرسىتىدۇ. ناۋادا سىڭىللار كۆپ بولسا، ئۇنداقتا ئۇلار «چوڭ سىڭىل»، «ئوتتۇرانچى سىڭىل»، «كىچىك سىڭىل» دېگەندەك سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

**تاغا:** بۇ شەخسنىڭ ئاتىسى ياكى ئانىسىنىڭ ئەر جىنسلىق قېرىنداشلىرىنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدىغان سۆز بولۇپ، ئۇنىڭمۇ ئاتا جەمەتتىكى تاغىلار ۋە ئانا جەمەتتىكى تاغىلارنى پەرقلەندۈرىدىغان ئالاھىدىلىكى يوق. تاغىسىنى كىچىك دادا دەپ ئاتايدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭمۇ ئاتا ۋە ئانا تەرەپ جەمەتىگە تەۋە بولغان تاغىلارنى كۆرسىتىش خۇسۇسىيىتى يوق.

**ھامما:** بۇ سۆز ئەرەب تىلىدىكى «ئاتىنىڭ ئاچىسى ياكى سىڭلىسى» مەنىسىدىكى «ئەممە» سۆزىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇ شەخسنىڭ ئاتىسى ياكى ئانىسىنىڭ ئايال جىنسلىق ھەمشىرەلىرىنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدىغان سۆزدۇر. ئۇنىڭمۇ ئاتا جەمەتتىكى ھامملار ۋە ئانا جەمەتتىكى ھاممىلارنى پەرقلەندۈرىدىغان

2015.3

ئالاھىدىلىكى يوق. شۇڭا مەلۇم ھاممىنى كونكرېت ئىزاھلىغاندا، «ئاتا تەرەپ ھاما» ۋە «ئانا تەرەپ ھاما» دېيىش ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈلىدۇ. بەزىدە بۇ سۆز يەنە بىر كىشىنىڭ بوۋا ياكى موممىسىنىڭ ھەمشىرەلىرىنى كۆرسىتىشكىمۇ ئىشلىتىلىشى مۇمكىن. قىسمەن جايلاردا ئۇيغۇرلار يەنە «ھاما» سۆزىنىڭ ئورنىغا «كىچىك ئاپا» ياكى «كىچىك ئانا» دېگەن سۆزلەرنى ئىشلىتىدۇ.

**جىيەن:** بۇ ئۇيغۇرلاردا بىر شەخسنىڭ ئۆزىنىڭ ئاكا-ئۇكىسى ياكى ئاچا-سىڭلىسىنىڭ پەرزەنتلىرىنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ. ناۋادا جىيەنلەرنىڭ جىنسىنى ئىپادىلەشكە توغرا كەلسە، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئارقىسىغا «ئوغۇل» ۋە «قىز» سۆزلىرى قوشۇلۇپ، «جىيەن قىز» «جىيەن ئوغۇل» دەپ ئېيتىلىدۇ.

**ئۆگەي:** بۇ سۆز بېقىش-بېقىۋېلىنىش مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولغان كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئەسلى ئۇرۇق-تۇغقان ئاتالمىلىرىنىڭ ئالدىغا قوشۇپ ئېيتىلىدىغان بىر سۆز بولۇپ، كونكرېت ئەھۋالدا مەزكۇر مۇناسىۋەتكە ئىگە بولغان شەخسلەر ئارىسىدا «ئۆگەي دادا» (ياكى «ئۆگەي ئاتا»)، «ئۆگەي ئانا» (ياكى «ئۆگەي ئاپا»)، «ئۆگەي پەرزەنت»، «ئۆگەي ئوغۇل»، «ئۆگەي قىز»، «ئۆگەي ئاكا»، «ئۆگەي ئىنى»، «ئۆگەي ئاچا»، «ئۆگەي سىڭىل»... دېگەندەك سۆزلەر ياسىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن ئۆگەيلىك مۇناسىۋەت كۆپىنچە بىر كىشى بىلەن ئۇنى بېقىۋالغۇچى ئارىسىدا شەكىللىنىدىغان، ئەمما بىر بېقىۋېلىنغۇچى بىلەن ئۇنى بېقىۋالغۇچى كىشىنىڭ باشقا ۋاستىلىك ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئارىسىدا ئۆگەيلىك مۇناسىۋەت كۆپ تەكىتلىنىدىغان بولمىغاچقا، ئادەتتە «ئۆگەي تاغا»، «ئۆگەي ھاما»، «ئۆگەي نەۋرە»... دېگەندەك ئاتالمىلار كۆپ ئىشلىتىلمەيدۇ.

**قېيىنى:** بۇ سۆز نىكاھ مۇناسىۋىتى ئارقىلىق باغلانغان بىر جۈپ ئەر-خوتۇننىڭ بىۋاسىتە ياكى ۋاستىلىك تۇغقانلىرى ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرىنى ئاتاشتا ئەسلى بىۋاستە ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ئاتالمىلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇپ ئىشلىتىلىدىغان سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ «قېيىنئاتا»، «قېيىنئانا»، «قېيىنئاكا»، «قېيىنئىنى»، «قېيىنئاچا»، «قېيىنسىڭىل» دېگەندەك شەكىللىرى ياسىلىدۇ. لېكىن بۇ سۆزمۇ پەقەت قۇدا-باجىلىق مۇناسىۋەت دائىرىسىدە ئەر-خوتۇنلارنىڭ بىۋاستە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ بىر-بىرىنى ئاتىشى بولۇپ، ۋاستىلىك ياكى يىراقراق قۇدا-باجىلىق مۇناسىۋەتتە بۇ سۆز ئانچە كۆپ ئىشلىتىلمەيدۇ. يەنى «قېيىنتاغا»، «قېيىنھاما»، «قېيىنبوۋا»... دېگەندەك ئاتالغۇلار ياسىلىپ ئىشلىتىلمەيدۇ.

**قۇدا:** بۇ سۆز نىكاھ مۇناسىۋىتى ئارقىلىق باغلانغان ئەر-خوتۇنلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى ۋە باشقا بىۋاستە تۇغقانلىرى ئۆزئارا بىر-بىرىنى ئاتاشتا ئىشلىتىدىغان سۆز بولۇپ، ئەر قۇدىنى «قۇدا» ئايال قۇدىنى «قۇدىغۇي» دەپ ئاتايدۇ.

**باجا:** بۇ سۆز ئاچا-سىڭىللىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولغان (يەنى بۇ ئاچا-سىڭىللار پۈتۈنلەي قانداش ياكى قېرىنداش بولسۇن ياكى پۈتۈن ۋە ياكى يېرىم ئۆگەيلىك مۇناسىۋەتتە بولسۇن) ئىككى ئايالنىڭ ئەرلىرى بىر-بىرىنى ئاتاشتا ئىشلىتىدىغان ئاتالمىدۇر.

**يەڭگە:** بۇ «باجا»نىڭ تەتۈرىسىچە بولغان، يەنى ئاكا-ئۇكىلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولغان (يەنى بۇ ئاكا-ئۇكىلار پۈتۈنلەي قانداش ياكى قېرىنداش بولسۇن ياكى پۈتۈن ۋە ياكى يېرىم ئۆگەيلىك مۇناسىۋەتتە بولسۇن) ئىككى ئەرنىڭ خوتۇنلىرى بىر-بىرىنى ئاتاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئاتالمىدۇر، لېكىن بۇ سۆز بەزىدە بىر قىز ئۆزىنىڭ ئاكىسىنىڭ خوتۇنىنى چاقىرىشتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**كۈيئوغۇل:** بۇ بىر شەخسنىڭ قىزىنىڭ ئېرىنى ئاتاشتا قوللىنىدىغان ئاتالما بولۇپ، ئۇ يەنە بىر ئايالنىڭ بارلىق تۇغقانلىرى شۇ ئايالنىڭ ئېرىنى ئاتاشقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. يەنى بىر جۈپ ئەر-خوتۇن ئۆز قىزىنىڭ ئېرىنى «كۈيئوغۇل» دەپ ئاتىغاندىن باشقا، ئايال تەرەپتىكى بارلىق تۇغقانلارمۇ شۇ ئەرنى «كۈيئوغۇل» دەپ ئاتىسا بولۇۋېرىدۇ.

**كېلىن:** بۇ بىر شەخسنىڭ ئوغلىنىڭ خوتۇنىنى چاقىرىشتا ئىشلىتىدىغان ئاتالما بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى خۇددى «كۈيئوغۇل» ئىبارىسىنىڭ ئىشلىتىلىش ئۇسۇلىغا ئوخشايدۇ.

يۇقىرىقى بايانلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلاردا ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بىر قاتار سۆزلەر ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن بۇ سۆزلەرنىڭ ئىستېمالىدىن شۇنى بايقاش مۇمكىنكى، باشقا بەزى مىللەتلەردىكى شۇ خىل ناملار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئاتالمىلىرىدا مۇنداق نۇقسانلار بار: (1) بۇ ئاتالمىلار ئەر (ئاتا) تەرەپتىكى ئەجداد ۋە ئەۋلادلار بىلەن خوتۇن (ئانا) تەرەپتىكى ئەجداد ۋە ئەۋلادلار ئاتىلىشتا پەرقلەندۈرۈلمىگەن؛ (2) ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ھەممە تەرىپىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر يېتەرلىك ئەمەس، يەنى

بەزى مۇناسىۋەتلەرنى ئىپادىلەيدىغان مەخسۇس ئاتالغۇ يوق؛ (3) مەلۇم بىر ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان خاس ئاتالغۇ بار بولغان تەقدىردىمۇ، شۇ مۇناسىۋەتتىكى شەخسلەرنى ئاتىغاندا خاس ناملار ئىشلىتىلمەستىن، شەرھلەش ئۇسۇلى ئارقىلىقمۇ چاقىرىلىدۇ. (مەسىلەن، «تاغا» دېگەن سۆز بار بولسىمۇ، لېكىن كونكرېت ئەھۋالدا كىشىلەر يەنە «دادامنىڭ ئىنىسى» ياكى «ئانامنىڭ ئىنىسى»... دېگەندەك سۆزلەرنىمۇ ئىشلىتىدۇ).

مۇشۇ خىل ئەھۋالغا قارىتا بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار بەزى تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇرلاردىمۇ ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ئاتالمىلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش، شۇنداقلا ئەر (ئاتا) تەرەپ جەمەتتىكى ئۇرۇق-تۇغقانلار بىلەن خوتۇن (ئانا) تەرەپ جەمەتتىكى ئۇرۇق-تۇغقانلارنى پەرقلەندۈرۈپ ئاتاشتا ئىشلىتىلىدىغان سۆزلۈكلەرنى ياساپ چىقىش ھەققىدە بەزى تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى. مەسىلەن، كېرىمجان سابىر ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇرلاردىكى ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇلار ۋە ئۇلارنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى توغرىسىدا» (4) ناملىق ماقالىسىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلۈكلەردىن پايدىلىنىپ شۇ خىلدىكى ناملارنى سىناق تەرىقىسىدە ياساپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنىمۇ تەمىنلىگەندى. شۇ تەشەببۇستا ئەر (ئاتا) تەرەپ جەمەت بىلەن خوتۇن (ئانا) تەرەپ جەمەت دائىرىسىدىكى ئۇرۇق-تۇغقانلار (جۈملىدىن ئەجداد ۋە ئەۋلادلار)نى پەرقلەندۈرۈپ ئاتاشنىڭ ئۇسۇلى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، بىز بۇ يەردە ئۇنى نەقىل قىلىپ كۆرسىتىمىز:

### ئاتا جەمەت

| ئۇيغۇرچە ئاتىلىشى: | خەنزۇچە ئاتىلىشى |
|---|---|
| 7- ئاتا... ئاغۇن | (خەنزۇچە ئاتىلىشى يوق) |
| 6- ئاتا... قالىڭ بابا | 祖先 |
| 5- ئاتا... ئەجۇم بابا | 高祖父 |
| 4- ئاتا... بابا | 曾祖父 |
| 3- ئاتا... دادا (بوۋا) | 祖父 |
| 2- ئاتا... ئاتا (مەننىڭ ئاتىسى) | 父亲 |
| 1- ئاتا... مەن يەنى بالىنىڭ ئاتىسى | 本人 |
| 2- ئەۋلاد... بالا | 儿子 |
| 3- ئەۋلاد... نەۋرە | 孙子 |
| 4- ئەۋلاد... ئەۋرە | 曾孙子 |
| 5- ئەۋلاد... چەۋرە | 玄孙子 |
| 6- ئەۋلاد... پەينەۋرە | 来孙子 |
| 7- ئەۋلاد... كۆكۈ نەۋرە | 昆孙子 |

### ئاتا تەرەپ يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلار

| | |
|---|---|
| ئاتاغا (ئاتىنىڭ ئاكىسى ياكى چوڭ ئاتا) | 伯父 |
| ئاتاغى (ئاتىنىڭ ئىنىسى ياكى كىچىك ئاتا) | 叔叔 |
| ئاپاغا (ئاتىنىڭ ئاچىسى ياكى ھامما) | 姑姑 姑妈 姑母 |
| ئاپاغى (ئاتىنىڭ سىڭلىسى ياكى ھامما) | 姑姑 姑妈 姑母 |

### ئانا جەمەت

| | |
|---|---|
| 7- ئانا... ئۆگە موما (خەنزۇچە ئاتىلىشى يوق) | |
| 6- ئانا... ئەجۇم موما | 外增祖母 |
| 5- ئانا... بوي موما | 族外祖母 |
| 4- ئانا... ئۇلۇغ موما | 堂外祖母 |
| 3- ئانا... موما | 外祖母 |
| 2- ئانا... ئانا | 母亲 |
| 1- ئانا... مەن يەنى بالا | 本人 |
| 2- ئەۋلاد... بالا | 儿子 |
| 3- ئەۋلاد... نەۋرە | 外孙子 |
| 4- ئەۋلاد... ئەۋرە | 外曾孙子 |
| 5- ئەۋلاد... چەۋرە | 外玄孙子 |
| 6- ئەۋلاد... پەينەۋرە | 外来孙子 |
| 7- ئەۋلاد... كۆكۈنەۋرە | 外昆孙子 |

### ئانا تەرەپ يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلار

| | |
|---|---|
| ئاناغا (ئانىنىڭ ئاكىسى ياكى چوڭ تاغا) | 舅舅 |
| ئاناغى (ئانىنىڭ ئىنىسى ياكى كىچىك تاغا) | 舅舅 |
| تاغانا (چوڭ ۋە كىچىك تاغىنىڭ خوتۇنلىرى) | 舅母 |
| چوڭ كۆكۈي (ئانىنىڭ ئاچىسى) | 姨妈 |
| كىچىك كۆكۈي (ئانىنىڭ سىڭلىسى) | 姨妈 |
| كۆكۈياتا (چوڭ ۋە كىچىك كۆكۈينىڭ ئەرلىرى) | 姨夫 |
| چىقان (كۆكۈينىڭ ئوغلى) | 表兄, 表弟 |
| سويان (كۆكۈينىڭ قىزى) | 表姐, 表妹 |

### خوتۇنغا نىسبەتەن ئەر تەرەپتىن بولغان يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلار

| | |
|---|---|
| قېيىنئاتا (ئېرىنىڭ ئاتىسى) | 公公 |
| قېيىنئاغۇن (قېيىنئانىڭ ئاتىسى) | 爷爷公公 |
| قېيىنئاغۇن (قېيىنئانىڭ ئانىسى) | 奶奶婆婆 |
| قېيىنئانا (ئېرىنىڭ ئانىسى) | 婆婆 |
| قېيىنئاغۇن (قېيىنئانىنىڭ ئاتىسى) | 老爷公公 |
| قېيىنئاغۇن (قېيىنئانىنىڭ ئانىسى) | 姥姥婆婆 |
| قېيىنئاغا (ئېرىنىڭ ئاكىسى) | 大伯子 |
| كېلىناچا (قېيىناكىنىڭ ئايالى) | 大伯嫂 |
| بۇرچ-قېيىنئىنى (ئېرىنىڭ ئىنىسى) | 小叔子 |
| كېلىنسىڭىل (قېيىنئىنىنىڭ ئايالى) | 婶小儿 |
| بالتىر-قېيىنئاچا (قېيىنئىنىنىڭ ئايالى) | 大姑子 |

بالدىز ـ قېينسىڭىل (ئېرىنىڭ سىڭلىسى) 小姑子

**ئەرگە نىسبەتەن خوتۇن تەرەپتىن بولغان يېقىن ئۇرۇق- تۇغقانلار**

قېينئاتا (ئېرىنىڭ ئاتىسى) 岳父

قېيناغۇن (قېينئانىنىڭ ئاتىسى) 爷爷丈人

قېيناغۇن (قېينئانىنىڭ ئانىسى) 奶奶丈母

قېينئانا (ئېرىنىڭ ئانىسى) 岳母

قېيناغۇن (قېينئانىنىڭ ئاتىسى) 老爷丈人

قېيناغۇن (قېينئانىنىڭ ئانىسى) 姥姥丈母

قېينئاغا (ئېرىنىڭ ئاكىسى) 大舅子

بۇرچ- قېينىنى (ئېرىنىڭ ئىنىسى) 小舅子

بالتىر- قېينئاچا (ئېرىنىڭ ئاچىسى) 大舅子

بالدىز- قېينسىڭىل (ئېرىنىڭ سىڭلىسى) 大姨子

باجا ياكى يەزنە (خوتۇننىڭ ئاچىسىنىڭ ئېرى) 大姨姐夫

باجا (سىڭلىسىنىڭ ئېرى) 小姨妹夫

ئۇيغۇرلاردا ئۇرۇق- تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز- ئاتالغۇلار ماھىيەتلىك تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولغان كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىلا ئىشلىتىپ قالماستىن، يەنە كۆپلىگەن ئالاقە سورۇنلاردىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ھازىر كىشىلەر تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بولمىغان ئىجتىمائىي ئالاقە ئوبيېكتلىرىغىمۇ ئۇرۇق- تۇغقان ئاتالمىلىرىنى قوللىنىپ، ساۋاقداش، دوستلار ئارىسىدا ئاكا، ئىنى، ... دەپ ئاتايدىغان، يېشى چوڭراقلارنى بوۋا، موما، چوڭ دادا، چوڭ ئاپا، تاغا، ھەدە دەپ ئاتايدىغان ئەھۋال بار. يېزىلاردا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بېرىش- كېلىش قىلغان ۋاقىتتا ھۆرمەت بىلەن تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنى ئىشلىتىدۇ، ئۇنداق بولمىسا ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىدە مۇئەييەن ئۇرۇق- تۇغقانچىلىق ئاتالمىلىرى بار ئەھۋالدىمۇ، كىشىلەر شۇ خىلدىكى نامالارنى ئىشلەتمەي، باشقىچە نامالارنى ئىشلىتىدۇ. مەسىلەن، كۈيئوغۇللار قېينئاتىلىرىنى «قەندەك ئاتا»، قېينئانىلىرىنى بولسا «قەندەك ئانا» دەپ ئاتايدىغان ئەھۋاللار جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەۋجۇت. ئۇرۇق- تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشىدە ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزدىكى چوڭقۇر توسكە ئىگە بولغان ئەخلاق قارىشى، كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئۇرۇق- تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشتەك ئەنئەنە روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇرۇق- تۇغقانچىلىق ئاتالمىلىرى كۈچلۈك بولغان يەرلىك خۇسۇسىيەتكە ۋە دەۋرىيلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەزكۇر ئاتالمىلىرىدىمۇ بۇ پەرق ئېنىق ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. يەنى ھەرقايسى رايوندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى بىر مۇناسىۋەتتىكى كىشىلەرنى ئوخشىمىغان نامالار بىلەن ئاتىشى ئەنە شۇ پىكرىمىزنىڭ مىسالىدۇر.

ئۇرۇق- تۇغقانچىلىق ئاتالمىلىرى بىر مىللەتنىڭ جەمەتچىلىك ۋە ئۇرۇق ئېڭىنىڭ تېز ياكى چوڭقۇرلۇقىنى، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئۇسۇلىنى، ئۇلارنىڭ سۆز- ئاتاقلار ئارقىلىق ئىپادىلەيدىغان ئەخلاق قاراشلىرىنى ۋە يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش مەدەنىيەتنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرىنى مەلۇم تەرەپلەرنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. شۇڭا ئىشلىتىلىشى بىرلىككە كەلمىگەن شۇ خىل ئاتالمىلارنى قېلىپلاشتۇرۇش، يوقلىرىنى خۇددى يۇقىرىدىكى نەقىلدىكىگە ئوخشاش ياساپ ئومۇملاشتۇرۇپ ئىشلىتىش، شۇ ئارقىلىق كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى ئىلمىيلاشتۇرۇش زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇق- تۇغقانچىلىق ئاتالمىلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش، شۇنداقلا باشقا مىللەتلەرنىڭ شۇ خىلدىكى ئاتاق سۆزلىرىدىن ئۈلگە ئېلىش تولىمۇ مۇھىمدۇر.

**ئىزاھاتلار:**

① مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980- يىلى 8- ئاي نەشرى، 1-، 2-، 3- تومىلىرىنىڭ ئالاقىدار بەتلىرى.

② كېرىمجان سابىر: «ئۇيغۇرلاردىكى ئۇرۇق- تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇلار ۋە ئۇلارنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2004- يىللىق 4- سان، 86-، 87- بەتلەر.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

1. مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980- يىلى 8- ئاي نەشرى.
2. ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989- يىلى 12- ئاي نەشرى.
3. كېرىمجان سابىر: «ئۇيغۇرلاردىكى ئۇرۇق- تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇلار ۋە ئۇلارنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2004- يىللىق 4- سان.
4. ئۆزۈم توپلىغان بەزى پارچە- پۇرات خاتىرىلەر.

(ئاپتور: شىنجاڭ رادىيو- كىنو- تېلېۋىزىيە تەرجىمە مەركىزىدە)

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قىشلىق كىيىمى — جۇۋا

گۈلنۇر تالىپ



ئۇيغۇرلار تارىختا شۇغۇللانغان ۋە ھازىر شۇغۇللىنىۋاتقان ئىگىلىك شەكىللىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا مەدەنىيەت ساھەلىرىگە، بولۇپمۇ كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر. جۈملىدىن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىمۇ ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ ماتېرىيالىغا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇيغۇرلار يۇڭلۇق ھايۋان تېرىلىرىدىن تەلپەك، تۇماق، قولاقچا، تېرە جىلتكە، تېرە ئىشتان، تېرە يوتقان، تېرە كۆرپە، پەلەي قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىپ ئىستېمال قىلغاندىن باشقا يەنە جۇۋىدىن ئىبارەت قىشلىق كىيىمنىمۇ ئىشلەپ چىققان ۋە ئۇنى قىش كۈنلىرى كەم بولسا بولمايدىغان بىر كىيىم تۈرى سۈپىتىدە ئىستېمال قىلىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلاردا جۇۋىچىلىق ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، بۇنىڭدىن 3000-4000 يىللار بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىزلىرىدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلارغا ئاساسلانغاندا، ئاشلانغان تېرىدىن كىيىم تىكىلگەنلىكى مەلۇم. مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇشقا قەدەم قويۇپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ۋە شەھەرلەشكەندىن تارتىپ، جۇۋىچىلىق مەخسۇس كەسىپلىشىشكە باشلىغان.

جۇۋا — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى قىشلىق تاشقى كىيىمى بولۇپ، ئەلتېرە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يۇڭلۇق تېرىلەردىن، كۆپرەك قوي تېرىسىدىن تىكىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا توقلا تېرىسى، تۈلكە، مۇلۇن ۋە ئىت تېرىلىرىدىنمۇ تىكىلىدۇ. جۇۋىنىڭ ماتېرىيالىنى تەييارلاش ۋە تىكىش ئادەتتىكى كىيىم-كېچەكلەرنى تەييارلاش ۋە تىكىشكە ئوخشىمايدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلار ياشىغان ھەرقايسى يۇرتلاردا مەخسۇس جۇۋا تىكىپ ساتىدىغان ھۈنەرۋەنلەر پەيدا بولغان بولۇپ، ئۇلار «جاللاپ» دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرلاردا جۇۋىچىلىق كەسپى ناھايىتى ئۇزاق زامانلار بۇرۇن پەيدا بولغان بولۇپ، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە، «ئىچۈك — ئىچىك — ئۈچۈك. بۇلغۇن، سۆسەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا.» (مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىل 8-ئاي 1-نەشرى، 1-توم، 93-بەت.)؛ «كۈرك — كۈرۈك، جۇۋا.» (مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىل 8-ئاي 1-نەشرى، 1-توم، 458-بەت.)؛ «تاتىرغا — ئاشلانغان ئاق تېرە.» (مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىل 8-ئاي 1-نەشرى، 1-توم، 637-بەت) دېيىلگەن. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇرۇندىنلا ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن جۇۋا تىكىپ كىيىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. جۇۋىنى بۈگۈنكى كۈندىمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى دېھقان، چارۋىچىلار، بولۇپمۇ يېزا-قىشلاقلاردىكى كىشىلەر كۆپرەك كىيىدۇ، جۇۋا بەدەندىكى ھەرقايسى ئەزالارنى ئىسسىق ساقلاپ، ئۇلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

قومۇل ۋالىسى بەشىر ۋاڭ دەۋرىدە سۈرگۈن جازاسى

بىرلىگەنلەر قومۇلنىڭ ھازىرقى ئايرودۇرۇمىغا يېقىن كېلىدىغان جايغا پالىناتتى. «بۇ جايغا سۇرگۈن قىلىنغانلىكى كىشى بورسۇق تۇتۇپ، تېرىسىدىن جۇۋا تىككىشى كېرەك ئىدى. ئىشقىلىپ ئۇن جۇۋىنى تەييارلاپ بولغىچە ئۇلارنىڭ سۇرگۈن مۇددىتى توشۇپ قالاتتى.» (سۇ بىيخەي، خۇاڭ جيەنخۇا (قۇربان تۇران، ئەركىن ئەرشىدىن تەرجىمىسى: «قومۇل، تۇرپان ئۇيغۇر ۋاڭلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001-يىل 11-ئاي 1-نەشرى، 79-بەت.) سۇرگۈن قىلىنغانلارغا جۇۋا تىككۈزگىنىگە قارىغاندا، شۇ ۋاقىتلاردىمۇ جۇۋا ناھايىتى مۇھىم كىيىم بولسا كېرەك. «ئۇيغۇر جۇۋىچىلىقىنىڭ تۈرى كۆپ، رەختى، رەڭگى خىلمۇخىل، ئۇيغۇرلار قوي، تۈلكە، بۆرە، سىلەيسىن، تىيىن، قاما، سۇغۇر، سۆسەر، كەمچەت، ئەلتىرە قاتارلىق 80 نەچچە خىل ھايۋان تېرىسىدىن جۇۋا تىكىدۇ. ئۇيغۇر جۇۋىلىرى تاشلىق، تاشسىز ئىككى خىل بولىدۇ. تاشلىق جۇۋىلارغا مەخمەل، دۇخاۋا، مويىت، سارجا، باستون، كىبىركوت، ھەر خىل تىرىكە، چىپەرقۇت، چەكمەن قاتارلىقلارنى تاش قىلىدۇ. تاشسىز جۇۋىلارنى تېرە بويى ئاق قالدۇرىدۇ ياكى قارا، سېرىق، پوررەڭ ياكى جىگەررەڭ بىلەن بويايدۇ.» (ئابدۇكېرىم رەھمان، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، شېرىپ خۇشتار: «ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996-يىل 8-ئاي 1-نەشرى، 72-بەت.) يەنە بەزى جايلاردا جۇۋىنىڭ ئالتايى، ئاس دەپ ئاتىلىدىغان تۈرلىرى بارلىقى مەلۇم. «ئالتايى — ئالتاي تۈلكىسى، قىزىل تۈلكە، ئۇنىڭ تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا.» ئەلىشىر نەۋايى رەھمەتۇللا جارى نەشرگە تەييارلىغان): «پەرھاد-شىرىن»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1991-يىل 7-ئاي 1-نەشرى، 869-بەت.) «ئاس — يۇڭى ئاق ۋە يۇمشاق بىر خىل ھايۋان، شۇ ھايۋان تېرىسىدىن ئىشلەنگەن جۇۋا.» «ئەلىشىر نەۋايى (تېيىپجان ئېلىيېف نەشرگە تەييارلىغان): «لەيلى-مەجنۇن»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1991-يىل 7-ئاي 1-نەشرى، 537-بەت) بولۇپ، بەزى ماتېرىياللاردا «ئاس»نىڭ سۆسەر ئىكەنلىكى مەلۇم. بورسۇق تېرىسىدىمۇ جۇۋا تىكىلىدۇ. جۇۋىلار ئۇزۇن-قىسقىلىقىغا قاراپ يەنە ئۇزۇن جۇۋا ۋە كالتە جۇۋا دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى» ناملىق ئەسىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ياسىنىش-كىيىنىش ئادەتلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ: «جۇۋا ئۆڭ جۇۋا، تاشلىق جۇۋا دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. ئۆڭ جۇۋا كۆرۈك جۇۋا دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۆڭ جۇۋا ئاساسەن تون ياقىلىق بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى ئوشۇق ئۈستىگە تەگلىشىدۇ... ئۆڭ جۇۋا بىردەك يانچۇقسىز بولىدۇ، تاشلىق جۇۋا تون ياقىلىق، ئويما ياقىلىق ئىككى خىل بولىدۇ. ئويما ياقىلىق جۇۋىنىڭ ياقا شەكلى پەشمەت چاپىنىنىڭ ياقىسىغا ئوخشىغاچقا، پەشمەت جۇۋا دەپمۇ ئاتىلىدۇ.» (ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993-يىل 4-ئاي 1-نەشرى، 192-بەت) دەيدۇ. تاشسىز جۇۋىلار تون شەكلىدە تىكىلىدۇ، ئۇنىڭ ياقىسىدىن تارتىپ ئالدى پەش ۋە ئاستى تەرەپ پۇچقاقلىرىغىچە، يەڭ ئۇچلىرىغا ئىككى ئىلىك كەڭلىكتە بىر خىل رەڭلىك ئەلتىرىدىن زىقزىق تۇتىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا جۇۋىلار ئەرەنچە جۇۋا ۋە ئايالچە جۇۋا دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ، ئايالچە جۇۋىلار كۆپىنچە كۆرپە، مىيانە ۋە چۇچۇلىدىن تىكىلىدۇ، تاشلىق كېلىدۇ، ئايالچە جۇۋىلار قارا، چەش رەڭ، بېغىر رەڭ، مەخمەل، دۇخاۋا



ۋە تاۋار-دۇردۇندىن تاشلىنىدۇ.

جۇۋا بەك قاتتىق سوغۇق بولىدىغان جايلاردا كىيىشكە ماس كېلىدۇ، شۇڭا بۈگۈنكى كۈنلەردىمۇ تاغلىق ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كەڭ ئىشلىتىلىدۇ. قىش پەسلىدە جۇۋا كىيىۋالغاندا سوغۇق ئۆتۈپ كېتىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. جۇۋا ئىسسىق بولغانلىقتىن بەدەننى ئىسسىق تۇتۇپ، ھەرقايسى ئەزالارنى ئىسسىق ساقلاپ، قان ئايلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قىش پەسلىدە كۆپ كۆرۈلىدىغان ئۆپكە، كاناي ياللۇغى، كاناي زىققىسى، ئۆپكە مەنبەلىك يۈرەك كېسەللىكى، زۇكام، يۆتەل، ئۆپكە ھاۋالىق ئىششىقى، كۆكرەك پەردە ياللۇغى، قان تۈكۈرۈش، كۆكرەككە سۇ چۈشۈش، سوغۇقتىن بولغان ھەر خىل يۈرەك كېسەللىكلىرى قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. قىش پەسلىدە بۆرەككە ناھايىتى تېز سوغۇق تېگىدۇ، جۇۋا كىيىۋالغاندا بەلنى ئىسسىق ساقلاپ، قان ئايلىنىشنى ياخشىلاش ئارقىلىق بەل ئاغرىقى، بۆرەك سوۋۇپ كېتىش، بۆرەك ئاجىزلىق، سۈيدۈك تامچىلاش، بەل چىم بولۇش، بۆرەك ياللۇغى، بۆرەك مەنبەلىك سۇلۇق ئىششىق قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭمۇ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. جۇۋا كىيىۋالغاندا بەدەننى ئىسسىق تۇتۇپ، قىش پەسلىدە ئاق كېسەل بار ئورۇننىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. بەدىنى ئاجىز، سوزۇلما كېسەل بىلەن ئاغرىپ يېڭىدىن ئورنىدىن تۇرغانلار، يېڭى تۇغۇتتىن قوپقان ئاياللار قىش پەسلىدە جۇۋا كىيىۋالسا، بەدەندىكى قان-تومۇرلارنى كېڭەيتىپ، قان ئايلىنىشنى تېخىمۇ ياخشىلايدۇ. قوي ياكى تۆگە يۇڭىدىن توقۇلغان كۆينەكمۇ جۇۋىغا ئوخشاش يۇقىرىقى تەسىرنى بېرەلەيدۇ.

ئەجدادلىرىمىز جۇۋىنىڭ بەزىسىنى سىيدام رەختلەر بىلەن قاپلاپ، بەزىسىنى تېرىنىڭ يۇڭ بار تەرىپىنى ئىچىگە ئۆرۈپ ياكى تېشىغا چىقىرىپ تىكىپ كىيگەن. جۇۋا تىكىش جەريانى بىرخىل ئىنچىكە ئىش ھالقىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالدى بىلەن تېرە ئاشلىنىدۇ. ئاشتىن چىققاندىن كېيىن ئەيلىنىدۇ ۋە ئۇۋۇلاپ يۇمشىتىلىدۇ. يۇمشىغاندىن كېيىن تېرىگە سۇ پۈركۈپ، يۇمشىتىپ، تامغا تارتىپ مىخلاپ كېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تېرىدىكى ئۆلچەمسىز ئورۇنلار تۈزلىنىدۇ، تېرىنىڭ يۈزىگە ئەندىزە قويۇپ كېسىلىدۇ، كېسىپ بولغاندىن كېيىن تىكىدۇ، تېرىنىڭ يۇڭلۇق تەرىپى ئىچىگە قىلىنىپ يۈزى تەرىپى جۈپلەشتۈرۈلۈپ يىپ بىلەن يۆمەپ تىكىلىدۇ، جۇۋىنىڭ تېشى جۇۋىغا كىيدۈرۈلگەندىن كېيىن، ياقا، ئېتەكلىرى يۆملىدۇ، جۇۋا تىكىش جەريانىدا قايچا، پىچاق، يىپ-يىڭنە، ئەندىزە، ئويماق، گەز، شىلىم قاتارلىق جۇۋىچىلىق سايمانلىرى ئىشلىتىلىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «خەقنىڭ جۇۋىسىدا تەرلەش»، «جۇۋا ياقىسىز بولماس، ئەل باشلىقسىز»، «جۇۋىلىقنىڭ جېنىدىن ئۆتكەن سوغۇق، كۆك پوتلىنىڭ يېنىدىن ئۆتمەپتۇ»، «جۇۋىسى بارغا مۈشت ئاتسام، جۇۋىسى يوققا تور كەتتى»... دېگەندەك ماقال-تەمسىللەر ۋە تۇراقلىق ئىبارىلەر بار بولۇپ، بۇلارمۇ جۇۋىنىڭ ئىلگىرىكى زامانلاردا ئۇيغۇرلاردا ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان بىر كىيىم تۈرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

(ئاپتور: غۇلجا شەھەرلىك 8-ئوتتۇرا مەكتەپ تىل-ئەدەبىيات گۇرۇپپىسىدا)

## بىلدۈرگۈ

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۈگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىز تەتقىقاتلىرىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مۇناسىۋەتلىك ساھەدىكى ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى، مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ماقالىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

سەمىڭىزدە بولسۇن، «مىراس»تا ئېلان قىلىنغان ماقالىڭىز ئۇنىۋان باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ.

تېلېفون نومۇرى: 0991 — 4554017

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

# قىز-يىگىتلەرنىڭ مۇھەببەت قوشاقلىرى



يار ئىشكىدە تۇرۇپ،
بىر جىلۋە قىلاي دەيدۇ،
مىڭ مىكرى ئويۇن قىلىپ
كۆڭلۈمنى ئالاي دەيدۇ.

يار ئىشكىدە تۇرسا
چېچەك مودام ئاچالغاندەك،
يار بىلەن ياتارمەنمۇ؟
سۇغا سۇ قوشۇلغاندەك.

يارىنىڭ باغى بارىكەن
تاغدا ئانارىكەن
يالغۇز دەپ كۆڭۈل بەرسەم،
بۆلەك يارى بار ئىكەن.

يار كەتتى يوقالاشىپ
چاچى بەلگە تولغاشىپ،
بىر كېچە ياتارمەنمۇ
يار بىلەن قۇچاغلاشىپ؟

ئوتراسىدا يولى
يارىمنىڭ سارايىدا،
ئادىل پادىشا بولسا
سۆيگەن يارىنى ئاسا.

زوخارىدەن چۈشۈپ كەلدى
بىر يالغۇز قارا قالماق.
يارىم مەندىن ئايىر بولسا
ژۈرەككە پىچاق سالماق.

يار ئىشگىدەن ئۆتتۈم
ئالما شاخىنى تۇتتۇم،
سەن ئۆيۈڭدىن چىقمايسەن
مەن تالادا قان ژۇتتۇم.

يارىمنى كۆرگەن خەلقلە
بارچاسى ھاشىق بوپتۇ،
شول يارىمنى كۆرگەندەي
كۆيۈپ ئۆلگىدەك بوپتۇ.

يارىمنىڭ قارا چاچى
ئىككىگە بۆلگىدەك بوپتۇ،
بۇدەمدە ئۇيىن قىلسام
قاراپ كۆلگىدەك بوپتۇ.

يارنىڭ باغىغا كىرسەم
ئالما تۆگمىدەك بوپتۇ،
كىچىككىنە يارىم بار،
قايرىپ سۆيگىدەك بوپتۇ.

يار ئىشىكىدە تۇرۇپ
بىر جىلۋە قىلالمايدۇ،
بىر كۆرۈپ كېلەي دېسەم
خالىدا بولالمايدۇ.

يالۋارىپ ساڭا ھەر كۈن
ياد ئېتىپ مېنى ھەر تۈن،
باغرىمنى قىلىبان خۇن
سىنەڭگە ئىتەمەنمۇ.

يار ئىشىكىگە بارسام
ئاچچىق قىلىپ قوغلايدۇ،
بۇ قىسمى كۆرۈنىپ خار
دۇنيادىن ئۆتەمەنمۇ.

يارىم ماڭا باقمايدۇ
كۆكرەكنى ياقمايدۇ،
مۇنداق بىۋاپا يارغا،
بىھۇدە كۆيەمەنمۇ.

باقماي ماڭا دەرت قىلدىڭ
زۇرەكىمنى زەردا قىلدىڭ،
دەردىڭگە داۋا تاپماي
ئەخىرى ئۆلەرمەنمۇ؟!

يارىمنى جاپا قىلدىڭ
جانىمغا جاپا قىلدىڭ،
سەندەك بىۋاپا يارغا
ئاۋارە بولامەنمۇ!

يارىمنىڭ ئېتى ئايخان
ئاڭا كۆيەدۇر بۇ جان،
كۆڭلىگە زەخىم بەرمەڭ
خوشخۇ ياق تولا ئۇبدان.

يارنىڭ يانىدا باغدۇ
بۇلبۇل تولا سارايدۇ،
خۇدا قوشقان كۆڭۈلنى
دۈشمەن قانداق ئايرىيدۇ.

ياخشى ئاتقا نېمە يول
شەھەرنىڭ ئاراسى،
پاختادىن زۇمشاق ئىكەن
ئىككى ئەمچەك ئاراسى.

ياخشى ئاتقا مىنگەندە
ئالدىم قولۇمغا قامچى،
يارىمغا ياراشىپتۇ
پوپۇش بىلەن قىزلامچى.

يارنى ئاغرىپتۇ دەيدۇ
مەن بارىپ كۆرىپ كەلەي،
ئاغرىسا ئاغرىمىسا
باشىدىن ئۆرگىلىپ كەلەي.

يارىمنىڭ مەيلى بوسا
قويمىسام ياقاسىدىن،
كېچە- كۈندۈز جورىلىپ
پەرۋانە بولسام باشىدىن.

يارىم يارغا كەتتى ئەمدى
لاچىن بولۇپ يېتكەندۇ،
ئاندا يارىنى كۆرۈپ
بىزنى ئۇنتۇپ كەتكەندۇ

ياندىن كېتەلمەيمەن،
ئىشق ئوتىنى سالغاندەك،
خىيال كېتەدىر ھەريان
تېرىغلا چېچىلغاندەك.

يار تۇرار ئىشىگىدە،
قىزىل گۈل ئاچىلغاندەك،
ئاھ ئۇرۇپ قاراپ قالدىم
غەم ئىچىدە قالغاندەك.

يار ئىشىگىدىن كەتمەي
ئاھ ئۇرۇپ قاراپ قالدىم،
يارىم كەتتى يانمىدى
قانلا ئاقتى كۆزۈمدىن.

يولۇڭ مېنىڭ يولىم بوسا
خىيالىم سەندە تۇرمايدۇ،
چىرايىمنى سىرىغ دەيدۇ
جۇدالىق دەردى قويمايدۇ.

يار ئىشىكىدە تۇرسا
قىزىل گۈل بويىندا.
ئۆلسەم ئارمىنىم يوقتۇ
بىردەم ياتسام قويىندا.

دەريا بويىدا تالى
تاللاپ ئالدىم تالىمنى،
بىۋاپا يارىم ئىكەن
سورىمايدۇ ھالىمنى.

ئاناسىنى كۆرگەلى
يارىم ژۇتىغا كەتسە،
بوز ئاتىمنى ئىگەرلەپ
يارنىڭ كەينىدىن يەتسەم.

ياتقا قىلدۇ غەمزە
بىرووۋگە قىلدۇ ئەزلە،
ئاقىنىڭنى قىلۋال دەپ
قەھرى قىلدۇ بىزگە.

يارنى كۆرۈپ تازىم
خوشلاپ قىلدۇ تارىم،
بولدى بۇ كۆڭۈل سەندىن
ئاچچىغى يامان قىزدىن.

يارىم تەرەپىنى دەپ
كېچە-كۈندۈز سۆزلەيمەن،
مەندەك سۆزلىگەن بارمۇ
بۇلبۇل بولۇپ سايرايمەن.

ژۇرەكىمنى كۆيدۈردى
مېنى ھەر كۈن ئۆلتۈردى،
كۆيدۈردى ۋۇجۇدۇمنى
يار ئىشقىنىڭ ئوتى

چىرايىم زەپىران بولدى
كىشى سورىمايدۇ ھالىمنى،
ئارامىزدا ھەققەت يوق
كۆرۈشتۇرمەيدۇ يارىمنى.

ھاشىق ئەتسەڭ مېنى ئەتكىن
بىر كۈن كېرەك بولامەن،
دۈشمەنىڭنىڭ ئالدىدا
تاشتىن ژۇرەكلىك بولامەن.

ئاھ يارىم جىلۋەڭ يامان
قاراڭغۇدىن ئايدىڭ يامان،
ئىشقىڭ ئوتى مەڭگە چۈشتى
دوۋزەخ ئوتىدىن يامان.

ناخشا ئېيتىدۇ دەيدۇ
ئېيتماي نىمە قىلاي ناخشى،
ناخشى ئېيتقانغا يار كەلمەس
ئەسلى بىر كۆڭۈل خوشى.

MIRAS

يار يارىدا ياخشىراق
يار كېتىپ يامان بولدۇق،
يار دەردى يامان ئىكەن
ساغىرىپ سامان بولدۇق.

مەن بېشىمنى تاشقا ئۇرسام
تاش بېشىمنى يارغىدەك،
يارىمنىڭ ياغلىقىدا تاڭسام
مېنىڭ بېشىم ساقايغىدەك!

گۈلمىدى، غۇنچەمىدى
يارىم سېنىڭ باشىڭدىكى،
كېچىلەپ تۇتالمىدىم
كىملەر ئىدى قاشىڭدىكى.

گۈل تېرىدىم كۆسلە
ئوسما تېرىدىم كۆسلە،
بىر قويۇم ئوسما بېرەي
بوينۇم قۇچاغلاپ سۆيسلە.

تاققا چىقتىم تال ئۈچۈن
قۇرغۇي بالاسى يار ئۈچۈن،
ئالتى ئاي ئوتىدا كۆيدۈم
ئەسسى قاتماس يا ئۈچۈن.

هاۋادا پارچە بۇلۇت
يامغۇر يېغىپ ئۆتكەن ئەمەس،
ئىككى ياخشى بىر بولۇپ
مۇرادىغا يەتكەن ئەمەس.

«لەيلى» خان دەيمۇ سېنى
«سارە»خان دەيمۇ سېنى،
باغدا باققان پاخلانىمدەك
ئۆلتۈرۈپ يەيمۇ سېنى؟!

ياغلىقىمنى كۆك بوياتتىم
بەل بېغىمنى هاۋا رەڭ،
بىزنىڭ باغدا غورا پىشتى
كۈندە كېلىپ غورا يەڭ.

غوراڭىزنى يېمەيمەن
تىشىم ئاغرىيدۇ،
تەڭ تۇشلۇغۇم ئەگە تەگسە
ئىچىم ئاغرىيدۇ.

يارىنىڭ مەن تامىغان
جورى جاپاسى قالدىمۇ،
قول سىلىمىپ ئاختۇمىغان
خوجۇن قاچاسى قالدىمۇ؟!

يارسىز هۆمرۈم مېنىڭ
مىڭ ياشسام بىر كۈنچە يوق،
ئىشقى ئوتۇڭنىڭ ئالدىدا
دوۋزەخ ئوتى ئۇچقۇنچە يوق.

دىلبىرىم ئايدەك يۈزۈڭگە
زەيتۇنە خالىڭ بولاي،
كېچە يانىڭدا يەتىپ
كۈندۈز خىرىدارىڭ بولاي.

ئاتلىنىپ سەهراغا چىقساڭ
قامچا دەستىڭ مەن بولاي،
بارچە ئەلنىڭ كۆزى سەندە
تىل تۇمارىڭ مەن بولاي.

قاپقارا قوي كۆزلۈگۈم
جانىم پىدا بولسۇن ساڭا،
جانىدىن كەشكەن سەتەملەر
ئاشنا بولسۇن ساڭا.

لەيلى مەجنۇن شاخ ئىگىلدى
يار ئىگىلمەيدۇ ماڭا،
بىر كېلىپ ئالغىل جانىنى
بىر كۆڭۈل بەرگىن ماڭا.

ئىشىك ئاچتىم تۈھۈرگە باقتىم
تۈھۈردە بىر ئاي ئولتۇرۇر،
قاشلىرى قىزغان قەلەمدەك
كۆزلىرى ئويناپ تۇرۇر.

قاشقاراسى بولمىسا
قاشقا دېگەن قانچە ژىراق،
ھەقلى ھۇشى بولمىسا
ئايدەك جۇگان ئىشتقا يالاق.

بۈگۈن ئۈچ كۈندىن بېرى
يارنى كۆرمەيدۇ كىشى،
كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سالا،
تىرىگ ئۆلمەمدۇ كىشى.

قۇرغۇيۇم ئۈچتى قولۇمدەن
قايدا مىماندۇر بۈگۈن،
دەخلى بەرمەگىلا يارىمغا
كۆڭلى پىرشاندۇر بۈگۈن.

كېتسەن بىر-بىر بېسىپ
دەريا سۇيىدەك ئايرىلىپ،
مۇنچىما باغرىڭ قاتامدۇ
باقمىدىڭ بىر قايرىلىپ.

سەن سېغىندىڭمۇ مېنى
خويما سېغىندىم مەن سېنى،
سەن قەيەرىڭدە سېغىندىڭ
مەن جىگەرىمدە سېنى.

بىر كىتاب ئىككى كىتاب
يار قويىندا ئالتۇن كىتاب،
ئالەمىڭدە بارمىكەن
مېنىڭ يارىمدەك ئاپتاپ.

تاغدىكى بەرگى قىزاقتەك
كۆزلىرىڭدىن ئاھ ئۆرگىلەي،
تەلمۈرۈپ تۇرغان كىيكتەك
كۆزلىرىڭدىن ئۆرگىلەي.

كەلمىدى يار كەلمىدى
نە بولدى يارىم كەلمىدى،
ئاتىنىڭ ئاياغى سۇندى
يارنە بولدى كەلمىدى

ئاتىنىڭ ئاياغى سۇنسا
ئات ئېلىپ منمەسمىدى،
يارىنىڭ يارىدا بولسام
بىر كېلىپ كۆرمەسمىدى.

سەن قاياقدىن كېلسەن
چىرايلىغىم كۆزى خۇما،
ساڭا تىلىم تەگمىسۇن
بوينۇڭغا ئاسقىن تىل تۇما.

سەن قاياقدىن كېلسەن
مەن ژىغلىسام سەن كۈلسەن،
بارچە ئىشنى بىلسەن
ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرسەن.

ئاق ئايدىڭ كېچىلە
ئايياق ئايدىڭ كېچىلە،
گۈل بىلەن رەيھان پۇرايدۇ
يارىم ماڭغان كوچىلا.

بۈگۈن ئالتە تاڭلا يەتتە
مەھرىبان يار كەتكىلى
باققا كىرسەم ئىزى بار
تاغلارغا چىقسام شاملى.

باغلىرىنى سەير ئېتىپ
ئارغامچا سالدىم دارىغا،
تەلپىمنىڭ يوقدىن
يالغانچى بولدۇم يارىغا.

مەن كېتەر بولدۇم يارىم
ئەرزىم بايان ئەيتسىپ كېتەي،
مەھرىبانىم قالدى دەپ
چۆللەدە قان ژىغلاپ كېتەي.

كەت دېسەڭمۇ كېتمەمەن
كەتمە دېسەڭمۇ كېتمەمەن،
ئارىدا ئىككى قۇنسىپ
يارىم قېشىغا يېتمەمەن.

قاراقاشىم بار مېنىڭ
بېرىپ كېلىشىم بار مېنىڭ،
قاراقاش ئاندا تۇرۇپ
نېمە ئىشىم مۇندا مېنىڭ.

قاشنى قاشقا ئۇلىسا
يېتەمدۇ قاشلىڭ بويىغا،
خۇدايىم سىلىپ قويۇپتۇ
قارا قاشنىڭ كويىغا.

بىۋاپا دۇنيا بۇگۈن
بېرىپ ئۇنتۇتقاي يارىنى،
ئادەمنى ھەرگىز ئۇنتۇتماس
كونا سۆيگەن يارىنى.

قاشىڭىز قاراماقارا
كىرپىگىڭ زىرۇزەبەر،
سېنىڭ ئوتۇڭدا كۆيەرمەن
ژۇرسەن سەن بىخەۋەر.

مەن بېرىپ قاچان كۆرەرمەن
ئامرىغىمنىڭ يۈزىنى،
ياغلىقىمغا تۇگۈپ ئالاتتىم
سايدا باسقان ئىزىنى.

سايدا باسقان ئىزلىرىنى
كۆزۈمگە سۈرمە قىلاي،
ئۆيقۇدا تاپسام يارىمنى
لەبلەرىن سۆيۈپ قوياي.

ئېگىز ئۆگزىگە چىقىپ
ناخشا ئېيتقانىڭدىن ئۆرگىلەي،
تال چۇۋۇقتەك تولغىنىپ
مېڭىشلىرىڭدىن ئۆرگىلەي.

ئىككىمىز بىر جىمەتلىك
باغدىكى غۇنچىلارىڭ، (غۇنچا ئىدىڭ)
ھەجەپ ئايرىدى خۇدايىم
ئايرىلماسلىق يار ئىدىڭ.

مەن بىلمىنى باغلىدىم
ھاۋا رەڭ ياغلىق بىلەن،
سەن ھەقدە باغلىساڭ
ھۆمرۇم ئۆتەر سېنىڭ بىلەن.

يار ژىراقدا بىز پىراقدا
ۋەدە يالغان بولمىسۇن،
خەلق ئالەم بىر بولۇپ
يولدىن چىقاغان بولمىسۇن.

ئىشىكىڭدىن مەن ئۆتمەمەن
گۈل زاراڭزا تەرگىلى،
گۈل زاراڭزا بانە بولدى
ئاي يۈزۈڭنى كۆرگىلى.

ئاي يۈزۈڭنىڭ شولىسى
چۈشتى سېپىلغا سايەسى،
خويمىغىنا ژىراق بولامدۇ
ئىككىمىزنىڭ ئارىسى.

تاققا چىقسام تاغ شاملى
كوكۆلامنى يازىدۇ،
ئەتە ئاخشام كۆرمىسەم
ھاقلى ھوشۇم ئازىدۇ.

يولدا ياتقان چار ئىلاننىڭ
يۇتىغا زەنجىر سالاي،
قاراپ ئولتۇرغان يارىمنىڭ
كۆڭلىنى قايداق ئالاي.

باققا كىرمەكلىك ئاساندۇ
شورا بولغاندىن كېيىن،
يارنى سۆيمەكلىك ئاساندۇر
مەيلى بولغاندىن كېيىن.

گۈل تېرىدىم مايسە بولدى
شاخ چىقاردى رەڭمۇرەڭ،
ھەر كىشىنىڭ يارى بولسا
بۇغداي ئۆڭلۈك مەن بىر رەڭ.

ئاق ئايدىڭ كېچىلە
ئايىاق ئايدىڭ كېچىلە،
گۈل بىلەن رەيھان پۇرايدۇ
يارى ماڭغان كوچىلە.

ئاينى ئاسماندا دېسەم
تا كوچىدا ئاي بار ئىكەن،
يارنى مەن چاقىان دېسەم
ياردىنما چاقىان بار ئىكەن.

ئاتاسىز قالغان ئادەم مەن
ئاناسىز قالغان ئادەم مەن،
كىشىنىڭ يارىنى يار دەپ
يارسىز قالغان ئادەم مەن.

ئالما گۈلى گۈل بولامدۇ
باشقا قىسسا بىر قۇچاق،
كىشىنىڭ يارى يار بولامدۇ
ئۆلگىچە جانغا پىچاق.

قاپقارادۇر قاشىڭىز
ئون بەشتە باردۇر ياشىڭىز،
كېچىلەپ يول ماڭسىڭىز
مەن بولاي يولداشىڭىز.

سەن تىرىك دەمسەن مېنى
مەنغۇ تىرىك ئۆلگەندىمەن،
تىرىك ئايرىلغان يارىمنىڭ
ئوتىدا كۆيگەندىمەن.

كوككۇكۇمنىڭ ئۈنىنى
قاشقادىن ئاڭلاپ كەلدىما،
يارى بەگەن پوتىنى
ئەمدى باغلاپ كەلدىما.

قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم
جانىم پىدا بولسۇن ساڭا،
جانىدان كەشكەن سەتەملەر
ئاشنا بولسۇن سەڭا.

باققا كىرسەم باقىدۇ
بۇلبۇل قاناتىن قاقىدۇ،
ژىغلىما بوتا كۆزۈم
سېنى خۇدايىم باقىدۇ.

باققا كىرسەم باقىدۇ
بۇلبۇل قاناتىن قاقىدۇ،
ژىغلىما ئى ياش ژۈرەك
سېنى كېڭەشلام باقىدۇ.

يارنى كەپتۇ دېسە
ژۇگرۇپ چىقاي باشىم بىلەن،
يارى ماڭغان كوچىغا
سۇنى سېپەي ياشىم بىلەن.

ئالما دەپ سۇندۇم قولۇمنى
تار ئىكەننى بىلمىدىم،
چاچىغا چاچ باغ سېلىپتۇ
تاز ئىكەننى بىلمىدىم.

ئانداغ ئەتمە يار مېنى
مۇنداغ ئەتمە يار مېنى،
ئاقىبەت لازىم بولامەن
تاشلاۋەتمە يار مېنى.

سەن غېرىب مەنما غېرىب
چۆللەردە بۇغدايىنى تېرىپ،
تالتى چاشقاننى قىرىپ
خان لەيلۇن ئىتقان غېرىب.

باققا بوستان سالىمەن
سايىدىن ئۆتسەڭچۇ يارىم،
گۈل هاراقى ساتىمەن
مەس بولۇپ ئۆتسەڭچۇ يارىم.

ساغىرىپ ئۆلمەس چىرايىم
قايغۇغا قالغان بىلەن،
مەنما ئۆلمەسمەن يارىم
سېنىڭدىن ئايرىلغان بىلەن.

ئالملىق باغنىڭ ئىچىدە
ساغىرىپتۇ بىر يوپۇرماق،
ئولڭ يېنىمدا ئوت كۆيەدۇ
سول يېنىمدا ئىشتىياق.

ژۇقۇرى بېرىپ كېلەي مەن
توقۇپ بېرىڭلار جەدىنى،
كىمگە ئەيتىپ كىمگە ژىغلاي
بىۋاپا يار دەردىنى.

ژۇقۇرى بېرىپ ئىدىم
ئۇسساپتۇ باينىڭ باغلىرى،
ئولتۇرۇپ ژىغلاپ ئىدىم
سىرىلدى كۆچمەن تاغلىرى.

ئولتۇرۇپ ژىغلاپ ئىدىم
ژىغلىما يارىم دېمىدى،
قولىغا ياغلىق ئېلىپ
يېشىمنى ئەيتاي دېمىدى.

كەتدى دەپ كۆڭلۈڭنى بۇزما
كەتمىسەم نالەش ماڭا،
ئالتە تال قارا چەچىڭدىن
ئۆزگەسى دۇشمەن ماڭا.

ساي تۆۋەن ژۇگرەپ ئىدىم
سانجىلدى ئاياغىمغا تىكەن،
نېمە دەپ ژۇگرۇپ ئىدىم
يارىم ماڭا باقمايدىكەن.

كەت دېسەڭما كېتىمەن،
كەتما دېسەڭما كېتىمەن،
ئارىدا ئىككى قونۇپ
يارىم قېشىغا يېتىمەن.

كۆرمىدىم باستىم تىكەننى
تاتىدۇرمەن دەردىنى،
كۆرسەم ئەردىم باسماس ئەردىم
تاتماس ئەردىم دەردىنى.

هاۋادا غاز كېلىدۇ
ئېگىز ئۇچۇپ پەس كېلىدۇ،
ئىچىدە ئوت بار جوگان
هاراق ئىچىپ مەس كېلىدۇ.

مەن قوشۇمنى غاز سالدىم
كىم سېلىپتۇ قاغاغا،
ئالتى قاغا بىر بولۇپ
ئالدى قوشۇمنى ئارىغا.

ساغىرىپتۇ ـ ساغىرىپتۇ
شول جۇۋاننىڭ دەردى بار،
دەردى بولمىسا ساغرامدۇ
هەر تەرەپتىن يارى بار

تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇهەممەد

# كىتاب ۋە بىز



**ئەركىن مۇھەممەد**

مەيلى قەدىمكى دەۋردە بولسۇن ياكى بۈگۈنكى كۈنىمىزدە بولسۇن كىتابقا كىشىلەر مەنىۋىيىتىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن بېرىپ كەلگەن. ئىنسانىيەتنىڭ نۇرغۇنلىغان ئۇلۇغ كەشپىياتلىرى ئۇزاق يىللىق تەرەققىيات داۋامىدا، سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ تىنىمسىز ئەجرى بىلەن تەدرىجىي مۇكەممەللەشكەن، زورايغان. كىتابنىڭ بارلىققا كېلىشىمۇ ئەلۋەتتە مۇشۇ تەرىقىدە بولغان.

تارىختىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئىنسانلار چوڭ مېڭىسىگە تايىنىپ خاتىرە قالدۇرغان. يەنى ئۇلار ئاساسلىقى ئەقلىي خاتىرىسىگە تايىنىپ چوڭ ئىشلارنى خاتىرىلىگەن، ئېسىدە ساقلىغان. ۋەقەلىك ياكى چوڭ ئىشلار جەريانىنى تىل ۋاستىسى بىلەن تارقاتقان خالاس. لېكىن يېزىق پەيدا بولغاندىن كېيىن تارىشا پۈتۈك قاتارلىق ئەڭ ئىپتىدائىي خاتىرىلەش بۇيۇملىرى ئاساسىدا ئۆزىنىڭ ھاياتىنى، تۇرمۇشىنى، ۋەقەلىكلەرنى خاتىرىلەپ كەلگەن.

ياۋروپادا ناپالېيوننىڭ مىسىرغا ئەۋەتكەن قوشۇنلىرى روسەيدا شەھىرىنىڭ ئەتراپىنى قېزىۋاتقاندا بىر قارا تاش ئابىدىنى بايقىغان، تاش ئابىدىگە 32 قۇر قەدىمكى مىسىر يېزىقى، 54 قۇر گىرېك يېزىقى چېكىلگەن، يىلنامىسىدىن قارىغاندا بۇ ئابىدە نەچچە مىڭ يىللىق تارىخنى بېشىدىن كەچۈرگەنىدى. ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ئورخۇن ۋادىسىدا ياشاۋاتقان مەزگىلدىكى ئەجدادلىرىمىز ھاياتىنى چۈشىنىشتە ئۇلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى، ئىجتىمائىي تۈزۈملىرى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرى ۋە يوسۇن-قائىدىلىرى قاتارلىقلارنى بىلىشتە بىزگىچە يېتىپ كەلگەن «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى»، «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»، «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» قاتارلىق بىباھا ئابىدىلەر يىراق قەدىمكى زامان ئەجدادلىرىمىزدىن تېگىشلىك ئۇچۇر بېرەلەيدۇ، مانا بۇلارمۇ قەدىمكى زامان كىتاب شەكىللىرىنىڭ بىرىدۇر.

ئېلىمىزدە غەربىي خەن سۇلالىسىدىن باشلاپ قەغەز ئىشلىتىشكە باشلىغاندىن ئېتىبارەن كىتابچىلىق تارىخىدا

چوڭ بىر يۈكسىلىش بولدى. يەنى ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك كىتابلار مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى.

هازىرغا قەدەر بايقالغان ئەڭ بۇرۇنقى كىتاب 5000 يىل ئىلگىرى قەدىمكى مىسىردا مەيدانغا كەلگەن سامان قەغەزلىك كىتاب، مىلادى 1 ـ ئەسىرگە كەلگەندە گرېتسىيە ۋە رىمدا تېرىغا پۈتۈلگەن كىتابلار مەيدانغا كەلگەن. گرېتسىيە ۋە رىمدا دۆلەت قانۇنلىرىنى، تارىخنى دەل تېرىغا پۈتكەن. بۇ ئېلىمىزنىڭ شاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارشا پۈتۈك، سۆڭەك قاتارلىقلارغا پۈتكەن يازمىلارغا ئوخشاش قەدىمكى كىتابنىڭ مۇھىم بىر خىل شەكلىدىن ئىبارەت. باسما تېخنىكىسى ئىختىرا قىلىنىشتىن ئىلگىرى كىتابلار تاش مەتبەئەگە ياكى قولدا كۆچۈرۈش ئۇسۇلىغا تايىنىلغانىدى.

ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئاز ساندىكى دىنىي جەمئىيەتلەردە، ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئاقسۆڭەكلەر ۋە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا كىتاب ساقلانغان. 15 ـ ئەسىرگە كەلگەندە گوتېنبۇرگ باسما تېخنىكىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن كىتابنى ئاۋاملار سېتىۋالالايدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن كىتاب جەمئىيەتتە كەڭ دائىرىدە ئومۇملىشىشقا باشلىدى، شۇنىڭدىن باشلاپ مەتبەئەچىلىك يېڭى بىر تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويغان.

ئۇيغۇرلاردا مەتبەئەچىلىكنىڭ تارىخى نىسبەتەن ئۇزاق. تارىخقا نەزەر سالساق، 10 ـ ئەسىردە ئۆتكەن سەيياھ ۋاڭ يەندىنىڭ خاتىرىسىدىن مۇنۇلارنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولىمىز «... ئۇيغۇرلار شېئىر ـ قوشاق يېزىشقا ناھايىتى ھېرىسمەنكەن. ئۆز يېزىقلىرىنى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يېزىشقا ئىشلەتكىنىدەك، كۈندىلىك ئىشلىرىغىمۇ ئىشلىتىدىكەن، راھىبلارنىڭ قولىدا ئۇيغۇرچە يېزىلغان كىتابلار كۆپ ئىكەن.»

مۇشۇ بايانلاردىن شۇنى قىياس قىلىش تەس ئەمەسكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەتبەئەچىلىك ئىشلىرى خېلى بۇرۇنلا تەرەققىي قىلغان ۋە مەلۇم دەرىجىدە كۆلەملەشكەن.

مەتبۇئاتچىلىقىمىزنىڭ ھەقىقىي تەرەققىياتىنى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن بولدى دەپ كېسىپ ئېيتالايمىز. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن مەملىكەت مىقياسىدا نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى ھەقىقىي گۈللىنىشكە قاراپ يۈزلەندى. جايلاردا خۇددى يامغۇردىن كېيىنكى گۈلزارلىقتەك كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە گۈللىنىش ۋە ئىلگىرىلەشلەر مەيدانغا كەلدى. شۇ جۈملىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ نەشرىياتلار ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كېلىپ خەلقنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرۇشقا باشلىدى، ئۇيغۇرچە كىتابلار كۆپلەپ نەشر قىلىندى. بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش باشلانغان ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇرچە كىتابلار كۆپلەپ نەشر قىلىندى. نەشرىياتلارمۇ ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشتەك تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ئەسەرلەرنى نەشر قىلدۇردى. كەسپىي ئالاھىدىلىك ۋە مەزمۇنلار بويىچە بىر نەچچە نەشرىياتلار پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يۈكسەك غەمخورلۇقىدا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى.

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنى باش قىلىپ شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى، شىنجاڭ ياشلار، ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت نەشرىياتى قاتارلىق كەسپىلەشكەن نەشرىياتلار بىر نەچچە ئەسىرلەپ مەنىۋىيەتتى چاڭقىغان خەلقىمىزگە ئابىھايات كەبى مەنىۋىيەت شەربەتلىرىنى سۇنۇشقا باشلىدى. ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزدىكى كىتاب ساقلاش، كىتاب سۆيۈش، كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقى زامان ئاتا قىلغان خاسىيەتلىك پۇرسەتلەر تۈپەيلىدىن يەنە قايتىدىن باش كۆتۈردى. نەھايەت ھازىر ھەرقانداق تېمىدىكى كىتابلارنىڭ ئانا تىلىمىزدىكى نۇسخىلىرىنى تاپماق ئۇنچە تەس ئەمەس، مانا بۇ نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىغا ئۆزلىرىنى بېغىشلىغان جاپاكەش مۇھەررىرلەرنىڭ ئەجرىنىڭ ۋە يېڭى زامان ئېلىپ كەلگەن يېڭى پۇرسەتلەرنىڭ نەتىجىسىدۇر. يېقىنقى كۈنلەرگە كەلگەندە كۇتۇپخانا ۋە قىرائەتخانا ئىشلىرىمۇ مەتبۇئاتچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ماس ھالدا كېڭەيمەكتە، جايلاردا كۇتۇپخانا ۋە قىرائەتخانا قۇرۇلۇشلىرى چىڭ تۇتۇلۇپ، يېزا ـ قىشلاقلاردا كۇتۇپخانا ۋە قىرائەتخانىلار ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلۇپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ كىتابقا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرغاندىن سىرت، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ يۈكسىلىشىگە، خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكىلىك رول ئويناپ كەلمەكتە.





مەلۇمكى، كىتاب بىر ئادەمنىڭ ھاياتىدا ناھايىتى
مۇھىم رول ئوينايدىغان بەك مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى.
كىتاب ئادەملىك مەنىۋى تۇرمۇشنى موللاشتۇرىدۇ، كىتاب
قانداق ئادەم بولۇشنى ئۆگىتىدۇ. بىر ئادەمنىڭ توغرا
دۇنيا قاراش، توغرا قىممەت قارىشى، توغرا كىشىلىك
تۇرمۇش قارىشىنى تىكلىشىدە بەك مۇھىم رول ئوينايدۇ.
ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، مەلۇم بىر ئېغىر جىنا-
يەت ئۆتكۈزگەن مەھبۇسقا تۈرمە ساقچىسى ھۆكۈم چى-
قىشتىن بۇرۇن كىتاب ئەكىرىپ بېرىپتۇ. دەسلەپتە
مەھبۇس كىتابلارغا ئانچە كۆڭۈل قىلىپ كەتمەپتۇ. بىر
نەچچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى مەھبۇس كىتاب
ئوقۇشنى باشلاپتۇ. شۇ تەرىقىدە بىر نەچچە ۋاق ئۇزۇل-
دۇرمەي كىتاب ئوقۇپتۇ. تۈرمە ساقچىسىمۇ ھېلىقى مەھ-
بۇسقا ياخشى كىتابلارنى تاللاپ ئەكىرىپ بېرىشنى داۋام-
لاشتۇرۇپتۇ. بىر مەزگىلدىن كېيىن ھېلىقى مەھبۇس تەشەب-
بۇسكارلىق بىلەن تەپتىش ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ
ئۆزىنىڭ تېخى تاپشۇرمىغان جىنايەتلىرىنىمۇ تاپشۇرۇپتۇ.
ھېلىقى مەھبۇسنىڭ دۇنيا قارىشىدا ئۆزگىرىش بوپتۇ.

مەھبۇس جىنايىتىنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئاخىر سوت تەرىپىدىن
ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپتۇ. مەھبۇس جازا ئىجرا قىلىنىدى-
غان كۈنى ئۆزىگە كىتاب ئەكىرىپ بەرگەن تۈرمە ساقچى-
سىغا تەپتىش خادىملىرىنىڭ ئالدىدا تەزىم قىلىپ «ئەگەر
مەن مۇشۇ كىتابلارنى بالدۇرراق ئوقۇغان بولسام ھازىر-
قىدەك ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان مەھبۇس ئەمەس، بەلكى خېلى
دۇرۇس ئادەم بولاركەنمەن، ئۆكۈنۈشۈم شۇكى ئاللىقا-
چان كېچىكتىم. بىراق ھاياتىمنىڭ ئاخىرىدا مەن قانداق
ئادەم بولۇشنى كىتابلاردىن ئۆگىنىۋالغانلىقىمدىن، ھەقىقىي
دۇرۇس ئادەم بولۇشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىدىن ئىبا-
رەت بىر ھەقىقەتنى كېچىكىپ بولسىمۇ بىلىۋالالىغانلىقىم-
دىن خۇش بولۇۋاتىمەن» دېگەن، دېمەك كىتابنىڭ بىر
ئادەمنىڭ ھاياتىغا قانچىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتەلەي-
دىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. جانلىقلار ئىچىدە ئىجتىما-
ئىيلىشىشى ئەڭ يۇقىرى بولغان «ئىجتىمائىي ھايۋان»
ئادەم، ئادەم ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىش يولى بىلەنلا ئاندىن
ھەقىقىي ئادەم بولالايدۇ. يەنى جەمئىيەت ئۈچۈن تېگىش-
لىك ھەسسە قوشۇشنى خالايدىغان، نەتىجە يارىتالايدىغان،

ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، قانۇن ـ تۈزۈملەرگە ئائىتلىق رىئايە قىلالايدىغان، باشقىلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەيدىغان، جەمئىيەت ئەزاسىغا ئايلىنىدۇ. ئۇنداق بولۇشنىڭ ئەڭ ئەقەللىي شەرتى يەنىلا ئۆگىنىش، كىتاب ئوقۇش.

مەلۇمكى، 1972 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى پۈتۈن دۇنيا بويىچە «كىتاب ئوقۇيدىغان جەمئىيەت» بەرپا قىلىشنى چاقىرىق قىلغانىدى. يەنە بۇ چاقىرىقتا جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ كىتاب ئوقۇشى ئوقۇشنى ئۆز تۇرمۇشىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلغانىدى. 1995 ـ يىلى دۇنيا نەشرىيات سودىگەرلىرى جەمئىيىتى 25 ـ نۆۋەتلىك يەر شارى قۇرۇلتىيىدا «دۇنيا كىتاب كۈنى» تەسىس قىلىش پەرىزىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بۇ پەرەزنى ئىسپانىيە ھۆكۈمىتى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا دۇنيا نەشرىيات سودىگەرلىرى جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن تاپشۇرغانىدى. كېيىن رۇسىيە «دۇنيا كىتاب كۈنى»گە نەشر ھوقۇقى ئوقۇمىنى قوشۇشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. «دۇنيا كىتاب ئوقۇش كۈنى»نى تەسىس قىلىشنى ئىسپانىيە ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنداق بولۇشىدا ئىسپانىيەنىڭ كاتارونىيە رايونىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان «سانت جورجى» بايرىمىغا مۇناسىۋەتلىك بىر رىۋايەت بار.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، گۈزەل مەلىكىنى ياۋۇز ئەجدەھا قاتمۇقات تاغلار ئارىسىغا بېكىندۈرۈۋېتىپتۇ. باتۇر جورجى ئۆزى يالغۇز ياۋۇز ئەجدىھانى يېڭىپ مەلىكىنى قۇتۇلدۇرۇپتۇ. مەلىكە باتۇر جورجىغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ بىر كىتاب سوۋغا قىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ كىتاب ئەقىل ـ پاراسەت ۋە غەيرەت ـ شىجائەت ھەم باتۇرلۇقنىڭ سىمۋولى بولۇپ قاپتۇ. 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى «سانت جورجى بايرىمى» بولۇپ مۇشۇ بايرام مەزگىلىدە كاتارونىيە رايوندىكى ئاھالىلەر بىر ـ بىرىگە ئەترگۈل بىلەن كىتاب سوۋغا قىلىدىغان ئادەتنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە.

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقى بارغانسىرى ئېشىپ بارماقتا، ئائىلىسىدە كۇتۇپخانا بارلارنىڭ سانىمۇ ئاز ئەمەس.

ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا كىتاب ساقلاش ياكى كىتابنى ئەتىۋارلاش خەلقىمىزنىڭ ئېسىل خىسلەتلىرىدىن بىرى، خەلقىمىز تۈرلۈك ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ كىتاب ساقلاپ كەلگەن. تارىختا نەزەر سالساق، دىيارىمىزدا مەدەنىيەت ۋە مائارىپ ئىشلىرى گۈللەنگەن جايلاردا مەدرىسلەر تەسىس قىلىنغان بولۇپ مەدرىسلەردە تالىپلار ئىلىم تەھسىل قىلىنغان. مەدرىسلەرگە مەخسۇس كۇتۇپخانا تەسىس قىلىنغان بولۇپ ئېھتىياجى بويىچە كىتابلار ساقلانغان. قىسمەن سودىگەرلەر باشقا ئەللەردە سودا قىلىش جەريانىدا مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنى سېتىۋېلىپ مەدرىسلەرگە سوۋغا قىلىدىغانلىقى توغرىلىقمۇ مەلۇماتلار بار. ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى ھەم دەپنە بۇيۇملىرى قاتارىدا مۇھىم ۋەسىقە ۋە ھۆججەتلەرنى قەبرىستانلىقتا كۆمۈپ ساقلايدىغان ئىشلارمۇ بولغان، ئىسلامىيەتتىن كېيىن قەبرىستانلىقتا مەخسۇس ھۇجرا قىلىپ كىتاب ساقلىغان، ئۇنىڭدىن باشقا خانىقا مەسچىتلەردە كىتاب ساقلانغان.

نۆۋەتتە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۇتۇپخانا ئىشلىرى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. جەمئىيەت ئەزالىرىدا كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقىنىڭ ئېشىشىگە ئەگىشىپ، جەمئىيەتنىڭ كىتابقا بولغان ئېھتىياجىمۇ ئېشىپ باردى. كۇتۇپخانىلارنىڭ كىتاب ساقلاش شارائىتلىرى خەلقئارا ئۆلچەمنى ئاساس قىلدى. كىتابلار مەزمۇن تۈرلىرىگە ئايرىلىپ كاتالوگلار سېپىرلاشتۇرۇلدى.

كۇتۇپخانىلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارى مۇكەممەللەشتى. كومپيۇتېرنىڭ ئومۇملىشىشى، بولۇپمۇ ئىنتېرنېتنىڭ ئومۇملىشىشى بىلەن ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشلار قولايلىشىپ، كۇتۇپخانا ئۇنىۋېرسال مۇلازىمىتىنىڭ يەنىمۇ ياخشىلىنىشىغا ئاساس سالدى.

كىتاب بىر ئادەمنى يەنە بىر ئادەمدىن پەرقلىق ئەقىلگە، ئىدراككا، كۆز قاراشقا، دۇنيا قاراشقا ئىگە قىلىدۇ. كىتاب ئىنساننىڭ مەنىۋى ئوزۇقى. كىتاب ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مەنىۋىيەت تۈۋرۈكى! كىتاب ئوقۇشنى ئادەت قىلغان جەمئىيەت يۈكسىلىدۇ، غۇلمايدۇ. كىتاب ئوقۇشنى ئادەت قىلغان جەمئىيەت ئىجىل ھەم ئىتتىپاق بولىدۇ. كىتاب ئوقۇشنى ئادەت قىلغان جەمئىيەت باي ھەم باياشات بولىدۇ، كىتاب ئوقۇشنى ئادەت قىلغان جەمئىيەتنىڭ كەلگۈسى پارلاق بولىدۇ.

(ئاپتور: ش ئۇ ئا ر كۇتۇپخانىسىدا)

# «تاھىر-زۆھرە» داستانى ۋە ئۇنىڭ ۋارىيانتلىرى



غالىب بارات ئەرك

ئۇيغۇر خەلقىدە زامان-زاماندىن بېرى تارقىلىپ كەلگەن ئېغىز ئىجادىيەتلىرى نۇرغۇن. شۇلارنىڭ ئىچىدە خەلق داستانلىرىمۇ خېلى سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. داس-تانلاردىن مېھىر-مۇھەببەت ئاساسىي تېما قىلىنغان «غېرىب-سەنەم»، «لەيلى-مەجنۇن»، «پەرھاد-شېرىن» كەبى خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ كەلگەن «تاھىر-زۆھرە» داستانىمۇ بار. بۇ داستان ۋەقەلىك جەھەتتىن «غېرىب-سەنەم» داستانى بىلەن كۆپ جەھەتلەردىن ئوخ-شىشىپ كەتسىمۇ، ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە ۋە ئۇلار بىلەن زىچ ئا-لاقىدە بولۇپ كەلگەن ئەرمەن، گىرۇزىن ۋە ئالبان خەلق-لىرىگە قەدەر تارقىلىپ، شۇ خەلقلەرنىڭ مەنىۋى ھاياتىدى-كى مۇھىم مىراسقا ئايلانغان. خەلقىمىز ئىچىدە «تاھىر-زۆھرە» داستانىنىڭ ۋەقەلىكى يۇرتىمىزدا يۈز بەرگەن دېگەن قاراش كەڭ تارقالغان، بۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە كورلا شەھىرى باش ئەگمىدىكى قەبرىسى تىلغا ئېلىنىپ، بۇ سۆيگۈ داستانىنىڭ خەلقىمىزدىكى شۆھ-رىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. سۆيگۈ ۋە ساداقەت مۇھىم مەزمۇن قىلىنغان بۇ داستانىنىڭ باش پېرسوناژلىرى بولغان تاھىر ۋە زۆھرەنىڭ قەبرىسى يۇرتى-مىزدا بولغىنىدەك، يەنە ئۆزبېكىستان ۋە تۈركىيەدىمۇ بارلىقى مەلۇم. مۇشۇ سەۋەبلەردىن قارىغاندا، داستان ۋەقە-لىكىنىڭ قەيەردە يۈز بەرگەنلىكى ئۇنداق يېنىكلىك بىلەن ھۆكۈم قىلىنى-دىغان ئاددىي مەسىلە ئەمەس. داستان ۋەقەلىكىنىڭ قەيەردە يۈز بەرگەنلىكى، قەبرىگاھنىڭ قايسىسىنىڭ راستلىقى، داستان ۋەقەلىكىنىڭ قايسى يوللار بىلەن تارالغانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەر ھەرگىزمۇ ھېسسىي نۇقتىدىن يەكۈن چىقىرىشنى ئەمەس، بەلكى ئىلمىي نۇق-تىدىن ئىزدىنىپ جاۋاب تېپىشىمىزنى كۈتىدۇ. چەت ئەل ئالىملىرى 16-ئەسىردە بارلىققا كەلگەن دەپ قاراۋاتقان بۇ داستانىنىڭ ئۇزاق زاماندىن بېرى ئاۋۋال تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئارىسىدا تارقىلىپ كېيىنچە قەلەمگە ئېلىنغانلىقى، 19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ خەلق ئېغىزىدىن خاتىرىلىنىپ ۋە قول يازمىلار رەتلىنىپ كەڭ تۈردە نەشر قىلىنغانلىقى تەتقىقات ئەسەرلىرىدە قەيت قىلىنماقتا. تەتقىقاتچىلار داستانىنىڭ ھەر خىل ۋارىيانتىنى خەلق ئارىسىدىن خاتىرىلەپ ۋە قول يازمىلارنى تەھقىق-لەپ تەتقىقات يۈرگۈزمەكتە. ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدە تۈر-كىيەلىك ئالىم، پىروفېسسور فىكرەت تۈركمەن داستانلار، جۈملىدىن «تاھىر-زۆھرە» ئۈستىدە تىرەن ۋە ئەھمىيەتلىك

تەتقىقاتلارنى يۈرگۈزگەن. فىكرەت تۈركمەن 1945-يىلى تۇغۇلغان، 1963-يىلى ئانا تۈرك ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات پەنلىرى فاكۇلتېتى تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى بۆلۈمىگە ئوقۇشقا كىرگەن ھەمدە 1967-يىلى پۈتكۈزگەن. 1979-يىلى «تاھىر-زۆھرە ھېكايىسى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق دىسسېرتاتسىيەسى بىلەن دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا مۇيەسسەر بولغان. خەلق ئېغىز ئىجادىيەتلىرىدىن 200 پارچىغا يېقىن توپلاپ رەتلىگەن. «تاھىر-زۆھرە» ۋە «غېرىب-سەنەم» داستانلىرى توغرىسىدا چوڭقۇرلاپ تەتقىقات يۈرگۈزگەن. ئۇنىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسى ئاساسىدا يېزىپ نەشر قىلدۇرغان «تاھىر ئىلە زۆھرە» ناملىق كىتابى ھازىرغىچە مۇشۇ ساھەدە بارلىققا كەلگەن مۇھىم ئىلمىي نەتىجە ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ يەنە «ئاشىق غارىپ ھېكايىسى ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات» (1974)، «ئاشىق غارىپ ھېكايىسى ئۈستىدە تەتقىقات» (1995) قاتارلىق كىتابلىرىمۇ بار. «تاھىر ئىلە زۆھرە» ناملىق كىتابى 288 بەت بولۇپ ئالتە بۆلۈمگە بۆلۈنگەن، داستاننىڭ ۋارىيانتلىرى، نەزمىلەر، مۇتىفلار، تەسىرى، تېكىستلىرى (مەتىن) مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ تەتقىقات يۈرگۈزۈلگەن. بۇ داستان ۋەقەلىكى مەيلى قەيەردە يۈز بەرگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، داستان بارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە تارقالغان. ھازىرقى تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ داستان 16-ئەسىردىن بېرى تارقىلىپ ئەل ئارىسىدا ئېيتىلىپ، قەلەمگە ئېلىنىپ، نەشر قىلىنىپ كەلمەكتە. تارقالغىنىغا ئۇزاق بولغانلىقى، كەڭ دائىرە (شەرقتە ئېلىمىزدىن تارتىپ غەربتە تۈركىيە ۋە ئالبانىيەگە قەدەر)گە تارقالغانلىقى سەۋەبلىك ۋارىيانتلىرىمۇ كۆپ بولغان. فىكرەت تۈركمەن «تاھىر ئىلە زۆھرە» ناملىق ئىلمىي كىتابىدا بۇ داستاننىڭ 24 ۋارىيانتى ئۈستىدە تەتقىقات يۈرگۈزگەن. داستاننىڭ ۋارىيانتلىرى كۆپ بولغىنىدەك ھەرقايسى ئەللەردە ھەر خىل نامى بولغان، جۈملىدىن «تاھىر ۋە زۆھرە»، «تاھىر مىرزا»، «زۆھرە-تاھىر»، «تايى بىلەن زۆخرا» دېگەندەك، «تاھىر-زۆھرە» داستانى توغرىسىدا ھېرمان ۋامبېرى 1867-يىلى لېيپزىگدا نەشر قىلىنغان كىتابىدا ئۇچۇر قالدۇرغان، شۇنىڭدىن بېرى ھەرقايسى ئەللەردە خەلق ئېغىزىدىن توپلىنىپ، رەتلىنىپ نەشر قىلىندى. قول يازمىلىرى نەشر قىلىنىپ كەڭ دائىرىدە تارقالدى. ھەرقايسى ئەللەردىكى ئالىم-تەتقىقاتچىلار داستاننى توپلاش، رەتلەش ۋە نەشرگە تەييارلاش بىلەن بىللە تەتقىقات يۈرگۈزۈپ ئىلمىي ئەسەرلىرىنى كەڭ جامائەتچىلىككە تەقدىم قىلدى.

«تاھىر-زۆھرە» داستانىنىڭ خاتىرىلىنىش، توپلىنىش، نەشر قىلىنىش ئەھۋالىغا كەلسەك، تۇنجى قېتىم رۇسىيەلىك گېرمان ئالىمى رادلوف سانكتپېتېربۇرگدا 1872-يىلى نەشر قىلىنغان «توبول مەتىنلىرى» («تايۇر ئىلە سەئۇرە» دېگەن تېمىدا)، 1886-يىلى نەشر قىلىنغان «تارانچى مەتىنلىرى»، 1890-يىلى «قىرىم مەتىنلىرى»دە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، ئۈچ خىل نۇسخىسىنى ئېلان قىلغان. شۋېتسىيە مىسسىيونېرلىرى ئىچىدە خىزمەت قىلغان گۇستاف رەكىت قەشقەردىكى خەلق ئىچىدە توپلىغان نۇسخىسىنى 1930-يىلى لۇندتا نەشر قىلدۇرغان، بۇ نۇسخىدا داستاننىڭ ترانسكرىپسىيەسى ۋە گېرمان تىلىدىكى تەرجىمىسىنى «تايى بىلەن زوخرا» دېگەن تېمىدا ئېلان قىلغان. ۋ. سىمىرنوفنىڭ مەلۇمات بېرىشىچە، 1892-يىلىغا قەدەر چاررۇسىيە تەۋەسىدە تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە قېتىم بېسىلغان: «قىسسەئى تاھىر بىلەن زۆھرە» (1888-يىلى ئىككى قېتىم، 1889-يىلى بىر قېتىم)، «قىسسەئى تاھىر» (1901)، «قىسسەئى تاھىر-زۆھرە» (مۇشۇ نامدا بەش خىل كىتاب بېسىلغان). غۇلام ھەسەنى ئارىفجانوۋا تاشكەنتتە نەشر قىلدۇرغان كىتابى «تاھىر ۋە زۆھرا»نىڭ گۇستاف رەكىت ئېلان قىلغان ۋارىيانتتىن پەرقلىق ئىكەنلىكى مەلۇم بولماقتا، بۇ ئىككى نۇسخا ئارىسىدىكى پەرق شەكسىزكى ئۆزبېكچە ۋە ئۇيغۇرچە ۋارىيانتلار ئارىسىدىكى پەرقنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تۈركمەنىستاندا ئو. ئا. پورچوۋا نەشر قىلدۇرغان «تاھىر ئىلە زۆھرە» خېلى چوڭ بىر ۋارىيانتتىن ئىبارەت. تۈركمەنىستاندىكى كلاسسىك شائىر موللا نەفەس (1810-1860) «زۆھرە-تاھىر» دېگەن تېمىدا داستان يازغان، بۇ داستان (بۇنى ن. ئاشروف ۋە ئا. كېكىلوف نەشرگە تەييارلىغان) ئاشخاباتتا 1940-، 1945-، 1948-، 1954-، 1958-، 1959-يىللىرى بېسىلغان ۋە رۇسچىغا تەرجىمە قىلىنىپ 1960-يىلى موسكۋادا نەشر قىلىنغان. موللا نەفەس قەلەمگە ئالغان تۈركمەن ۋارىيانتى يەنە «زۆھرە-تاھىر» نامىدا 1929-يىلى ئىراندا بېسىلغان. تۈركمەنىستاندا نەشر قىلىنغان ئاشۇ ۋاقىتلاردا ئۆزبېكلەردىمۇ بەزى نەشرلىرى بولغان، جۈملىدىن، ب. كېرىموف رۇس تىلىغا

تەرجىمە قىلىپ 1940 ـ يىلى تاشكەنتتە «تاھىر ـ زۆھرا»
دېگەن نامدا ئېلان قىلغان. تاتارىستاننىڭ قازان شەھىرد-
ده 1889 ـ يىلى موللا ئاخمەت ـ موللا مەخمەت زارىفئوغلى-
نىڭ «قىسسەئى تاھىر ئىلە زۆھرە» كىتابى بېسىلغان.
قازان شەھىرىدە يەنە 1893 ـ يىلى «قىسسەئى تاھىر ئىلە
زۆھرە» دېگەن كىتاب بېسىلغان. شائىر موللا بىلال نازد
مى كۆچۈرۈپ بەرگەن «تەبىب پادىشاھ زۆھرە خانىم»
ناملىق نۇسخا پاتناسوف تەرىپىدىن قازان شەھىرىدە 1909 ـ
يىلى باستۇرۇلغان.

قازاق خەلقى ئارىسىدا تارقالغان ۋارىيانتى ك. ز.
جۇمالىيېفنىڭ «قازاق ئېپوسى ۋە ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ
مەسىلىلىرى» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈلۈپ 1958 ـ يىلى
ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان. تاتارلار ئارىسىدا تارقالغان بىر
ۋارىيانتى ئالىي راھىم، ئا. ئازىزلەرنىڭ 1923 ـ يىلى نەشر
قىلىنغان «تاتار ئەدەبىياتى تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ 1 ـ
تومىدا «تاھىر ئىلە زۆھرە قىسسىسى» دېگەن تېمىدا
ئېلان قىلىنغان. ئەزەربەيجان خەلقىدە تارالغان ۋارىيانتى
م. خ. تېخماسىب ھازىرلىغان «ئەزەربەيجان داستانلىرى»
ۋە س. ئاخۇندۇف تەييارلىغان «ئەزەربەيجان داستانلى-
رى» (1 ـ توم)دا ئېلان قىلىنغان. ئەزەربەيجاننىڭ جەنۇ-
بىي قىسمىدا تارالغان ۋارىيانتى 1901 ـ يىلى ۋامبىرى تەرد-
پىدىن ئېلان قىلىنغان. يۇقىرىقى نۇسخىلاردىن باشقا ئە-
لەكبار ھۈسەينئوۋا تەييارلىغان بىر ۋارىيانتى «بىر يېتىمنىڭ
نالىسى ۋە ياگارداشىن گارداشا ئەتدىگى» دېگەن نامدا
باكۇدا نەشر قىلىنغان. ن. ئەلىزادەنىڭ 1937 ـ يىلى باكۇ
نەشر قىلىنغان «ئاشىقلار» ناملىق كىتابىدا س. مۇمتازنىڭ
1935 ـ يىلى باكۇدا نەشر قىلىنغان «ئەل شېئىرلىرى»
ناملىق كىتابىدا داستان نەزمىلىرىدىن پارچىلار كىرگۈزۈل-
گەن. ئە. ئاخۇندۇف نەشرگە تەييارلىغان «خەلق داستان-
لىرى» ۋە «ئەزەربەيجان داستانلىرى» ناملىق كىتابلارغا
كىرگۈزۈلۈپ 1961 ـ ، 1965 ـ يىللىرى باكۇدا نەشر قىلىن-
غان. م. ئا. تېخماسىب «ئەزەربەيجان داستانلىرى»
ناملىق كىتابىدا «تاھىر ئىلە زۆھرە» داستانىنىڭ 19 ۋارد-
يانتىنى بارلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. ئەرمەنلەر ئارىسىدد-
كى «تاھىر ئىلە زۆھرە» داستانى تۈركچىدىن تەرجىمە قد-
لىنىپ تارالغان ياكى ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن. ئىسرائىل
ئاباسوفنىڭ «ئەزەربەيجان داستانلىرىنىڭ ئەرمەن تىلىغا
تەرجىمە قىلىنىشى، ئۆزگەرتىلىشى ۋە نەشر قىلىنىشى مە-
سىلىلىرىگە دائىر» ناملىق ئەسىرىدە يېزىلىشىچە، ئەرمەن-
لەر ئىچىدىكى «تاھىر ئىلە زۆھرە» ۋارىيانتى 19 ـ ئەسىر-
دە باشلانغان. خاللاچئوغلۇ 1884 ـ يىلىدىن 1889 ـ يىلىغى-
چە تۈركلەر ئارىسىدا تارالغان ئېغىز ئىجادىيەتلىرىنى توپ-
لىغان. 1901 ـ يىلى تىفلىستا «تاھىر مىرزا ـ زۆھرە خانىم»
ناملىق كىتاب نەشر قىلىنغان، كىتابنى تەرجىمە قىلغۇچى،
ئۆزگەرتىپ تۈزگۈچى س. م. ئا دېيىلگەن. شۇ يىللاردا
يەنە ئاگەك مىختارىيان «تەھىر مىرزا ۋە زۆھرە خانىمنىڭ
نەغمىلىرى ـ ئەرمەنچە ۋە تۈركچە شېئىرلار» ناملىق
كىتاب تۈركچىدىن تەرجىمە قىلىنىپ ئالېكساندروپولدا
1911 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. بۇلغارىيەدىكى تۈركلەر ئارد-
سىدىمۇ تارقالغان، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار سوفىيادا
1963 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «رودوپ تۈرك مەسەللىرى»
ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. «تاھىر ـ زۆھرە» داستانى-
نىڭ بالقان يېرىم ئارىلىدىكى غەرب مىللەتلىرى ئارىسىدد-
مۇ تارقالغانلىقى، بۇلارنىڭ ئالبانىيەدە تارقالغان ۋارىيانتى-
تىن تەرجىمە قىلىنغانلىقى مەلۇم.

تۈركىيەدە بۇ داستاننىڭ مەتنىلىرىنىڭ نەشر قىلىنىشى
19 ـ ئەسىردە تاش باسمىدا بېسىشتىن باشلانغان، مانا
بۇلاردىن 1883 ـ يىلى ھۈسەيىن ئاغا مەتبەسىدە بېسىلغان
«ھېكايەئى تاھىر ئىلە زۆھرە»، 1884 ـ يىلىدىكى تاش
باسما «تاھىر ئىلە زۆھرە» (بۇ كىتابتا يەنە «ئاشىق
غارىپ ھېكايەسى»، «فەرھات ئىلە شېرىن»، «خۇرشىت
ئىلە ماخمىخرى» قاتارلىقلار بار) نەشر قىلىنغان. شۇنىڭ-
دىن كېيىن 1884 ـ ، 1885 ـ ، 1912 ـ يىللىرى ئىلگىرى-
كېيىن يەتتە ~ سەككىز قېتىم ھەر خىل نۇسخىلىرى نەشر
قىلىنغان. فىكرەت تۈركمەن دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيە-
سىنى يېزىش داۋامىدا ئۆزى ۋە باشقىلار توپلىغان ئېغىز
ئىجادىيەتلىرى، باشقا ئەللەردىكى نەشرىي نۇسخىلىرىدىن
باشقا يەنە تۈركىيەدە نەشر قىلىنغان نۇسخىلىرىدىن (بۇ
نەشرلىرىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقىسى 1883 ـ يىلى، ئەڭ كېيىنكى-
سى بولسا 1926 ـ يىلى نەشر قىلىنغان) پايدىلانغان. مىخ
مەتبەئەدە بېسىلغان ئەڭ كونىسى 1850 ـ يىلى باسمائى ئا-
مىرە تەرىپىدىن بېسىلغان «تاھىر ئىلە زۆھرە» بولۇپ بۇ
نۇسخا 1928 ـ يىلى قايتا بېسىلغان. 1928 ـ يىلىدىن كېيىن
تۈركىيەدە «تاھىر ـ زۆھرە»گە مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەر
كۆپلەپ نەشر قىلىنغان. بۇنىڭغا خاككى ئاكاي 1942 ـ
يىلى ئېلان قىلغان «تاھىر ئىلە زۆھرە»، نايىلى بوراتوف

1942 - يىلى ئېلان قىلىنغان نۇسخا، ئىبراھىم گۆكباكار 1945 - يىلى ئېلان قىلغان نۇسخا، ئەخمەت كۇزۇجۇ 1972 - يىلى ئېلان قىلغان نۇسخا قاتارلىقلارنى كۆرستىش مۇمكىن. شۇ دەۋرلەردە تۈركىيەدىكى ئاتا تۈرك ئۇنىۋېرستېتى قاتار- لىق ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار خەلق ئارىسىدىن توپلىغان ئېغىز ۋارىيانتلىرىمۇ بار.

«تاھىر - زۆھرە» داستانى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىلا باشلانغان. ئى. كونوس 1892 - ، 1893 - يىللىرى ۋېنگرىيەدە ئېلان قىلغان ماقالە- سىدە خەلق ئېغىز ئىجادىيەتلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقاتلىرد- نى بايان قىلغان ۋە بۇ داستاننى «ئاشىق ھېكايەتلىرى» دېگەن تۈرگە بۆلگەن. خاس مۇشۇ داستان ئۈستىدە تۇنجى، مەخسۇس تەتقىقات ئەسىرى ئېلان قىلغان كىشى گۇستاف رەكت. ئۇ 1930 - يىلى لوندىتا نەشر قىلدۇرغان، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كىتابىدا تەتقىقاتىنىمۇ قوشۇپ ئېلان قىلغان. ئۇنىڭدا داستانىنىڭ مەتنى (1890 - يىلىدىن بۇرۇنقى يازما بولۇشى مۇمكىنلىكى تەخمىن قىلىنماقتا. تىل ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا قەشقەر رايونىدا تارالغان ۋارىيانتتۇر)، تىرانسكرىپسىيەسى، گېرمانچە تەرجىمىسى، بىبلوگرافىيە بېرىلگەنىدىن سىرت داستاندىكى يەر ناملىرى توغرىسىدىمۇ تەتقىقاتلىرىنى ئېلان قىلغان. 1945 - يىلىغا كەلگەندە ئىبراھىم گۆكباكار «تاھىر ئىلە زۆھرە» ناملىق دىسسېرتاتسيەسى ئەنقەرە ئۇنىۋېرستېتى تىل ۋە تارىخ - جۇغراپىيە فاكۇلتېتىدا ياقلانغان. دىسسېرتاتسىيە- سىدە پ. نايلى بوراتوف ئېلان قىلغان ۋارىيانتنى ئاساس قىلىپ تەتقىقات يۈرگۈزگەن. بۇ دىسسېرتاتسىيەسىدە داس- تانىنىڭ تېكىستى تۈرغۇزۇلۇش بىلەن بىللە داستانىنىڭ بار- لىققا كەلگەن ۋاقتى، قەيەردە بارلىققا كەلگەنلىكى قاتارلىق مەسىلىلەردە تەتقىقات يۈرگۈزگەن ھەمدە داستانىنىڭ تار- قالغان دائىرىسى، جەريانى، نەزمىلىرى ئۈستىدىكى ئىزدە- نىشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. 1946 - يىلى پ. نايلى بورا- توفنىڭ «خەلق ھېكايەتلىرى ۋە خەلق ھېكايەتچىلىكى» ناملىق ئەسىرى ئېلان قىلىنغان، مۇشۇ ئەسەردە «تاھىر - زۆھرە» داستانى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشلىرىنىمۇ ئوتتۇرد- غا قويغان. 1965 - يىلى تۈركىيە ئاتاتۈرك ئۇنىۋېرستېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىكى ياشار بوزا «تاھىر ئىلە زۆھرە» ناملىق ئىلمىي ئۇنۋان ماقالىسىنى تەييارلىغان، ئۇنىڭدا داستانىنىڭ يازما ۋە ئېغىز ۋارىيانتلىرىنى سېلىشتۇرۇلغان ھەمدە ئېپىزوتلىرى، مۇتىفلار توغرۇلۇقمۇ ئىزدىنىشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مۇشۇ ئۇنىۋېرستېتتىكى يەنە بىر ئوقۇ- غۇچى ھۇسەيىن ئاچلىمىش يازغان «قاراجا ئوغلان، خۇرشىت ئىلە ماخمىخرى، تاھىر ئىلە زۆھرەنىڭ نەزىپ ۋارىيانتلىرى» ناملىق ئىلمىي ئۇنۋان ماقالىسىدە نەزىپ ۋارىيانتلىرى ئارىسىدىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەر تەتقىق قىلىنغان، بۇ ئىلمىي ئەسەر 1971 - يىلى ئەرزۇرۇمدا نەشر قىلىنغان.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىمۇ بەزى ئىزدىنىشلەر بولغان، بۇنىڭغا 1947 - يىلى موسكۋادا رۇسچە نەشر قىلىن- غان جىرمۇنسكى ۋە زافىرونلارنىڭ «ئۆزبېك خەلقىنىڭ ئېپوسلىرى» ناملىق كىتابىنى كۆرستىشكە بولىدۇ، بۇ كى- تابتا «تاھىر - زۆھرە» داستانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان داس- تانلىرى ئۈستىدە چوڭقۇر تەتقىقاتلار يۈرگۈزۈلگەن. بۇ- نىڭدىن باشقا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان باشقا كىتابلاردىمۇ بۇ داستان توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار بار. مەسىلەن، رادلوفنىڭ «ئوسمانلى مەتنلىرى»؛ ئازد- موف، سۇلتانوف ۋە ئافزالوفلارنىڭ «ئۆزبېك خەلق ئېر- تەكلىرى» (1955 - يىلى، تاشكەنت)، ي. يېرېۋاننىڭ «ئەزەر - ئەرمەن خەلقلىرىنىڭ ئەدەبىي ئالاقىلىرى» (1968)، ئە. ئاخۇندوفنىڭ «ناغىللارى» (باكۇ، 1961)... قاتارلىقلارنى كۆرستىش مۇمكىن. م. خ. تېخماسىپ 1972 - يىلى نەشر قىلىنغان «ئەزەربەيجان خەلق داستانلى- رى (ئوتتۇرا ئەسىرلەر)» ناملىق كىتابىدا «تاھىر - زۆھرە» داستانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تۈركمەن خەلقىنىڭ بارلىق داستانلىرى توغرىسىدا تەتقىقاتلىرىنى ئېلان قىلغان، كىتابىدا تۈركمەنىستاندا «تاھىر - زۆھرە» داستانى توغرىسىدا دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسى ياقلاند- غانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن.

يۇقىرىقىلار «تاھىر - زۆھرە» داستانى توغرىسىدا ھا- زىرغىچە ئېرىشكەن ئۇچۇرلىرىمىز بولۇپ، داستان ۋەقەلە- كىنىڭ يۈز بەرگەن جايى، مازىرى، تارقالغان دائىرىسى، تار- قىلىش يوللىرى، داستانىنىڭ قۇرۇلمىسى، ۋارىيانتلار ئارىسى- دىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەر قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە تەتقىقات يۈرگۈزۈشتە ئاتلاپ ئۆتكىلى بولمايدىغان ئەھ- گەكلەردۇر. يۇرتىمىزدا تارالغان نۇسخىلىرى ئۈستىدە تەت- قىقات يۈرگۈزۈشتە ۋە يۇرتىمىزدىكى قەبرىسىنىڭ راست - يالغانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئېنىقلاشتا شۇبھىسىزكى

يۇقىرىقى ماتېرىياللارنى توپلاپ ئۆگىنىشىمىز ۋە تەتقىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. تۆۋەندە نەشر قىلىنغان ھەر خىل نۇسخىلىرى ۋە قول يازمىلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى:

جاھىت ئۆزەتىلىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى، كۆچۈرۈلگەن ۋە يېزىلغان ۋاقتى نامەلۇم بىر قول يازمىدا بىر قانچە خەلق داستانى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە «تاھىر ـ زۆھرە» داستانى 46 بەت ھەجىمدە، ۋاراقنىڭ چوڭلۇقى 15×21 سانتىمېتىر.

ئاخمات ئاتەش «ئانادولۇ كۈتۈپخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان تۈركچە بەزى مۇھىم ئەل يازمىلىرى» ناملىق ماقالىسىدە ئۇچۇر بېرىشىچە، «تاھىر ـ زۆھرە» داستانى 1793 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تاماملانغان بىر يازمىدا ئۈچ ۋاراق (15.2×21 سانتىمېتىر) ھەجىمدە خاتىرىلەنگەن، مۇشۇ خاتىرىدە 2 ـ جىلدتا مۇشۇ داستاننىڭ يەنە خاتىرىلىنىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان بولسىمۇ، بۇ يازمىنىڭ 2 ـ جىلدى تېپىلمىغان.

ئالازىغدا تۇغۇلغان ساۋاتسىز كىشى ــ ھادى نەۋرۇز ئاتىسىدىن ئۆگەنگەن «تاھىر ئىلە زۆھرە» ھېكايىسىنى 1973 ـ يىلى ئېيتىپ بەرگەن، بۇ داستان ئۇنىڭ تىلىدا «تاھارنان زۆھرە» دېيىلگەن.

سىۋاسلىق ئابدۇراھمان چەرچى «تاھىر مىرزا» داستانىنى بانىتتا بۇرھان پاشاجىئوغلىدىن ئۆگەنگەن، شۇ ئۆگەنگەن ۋارىيانتىنى 80 ياش ۋاقتىدا ئېيتىپ بەرگەن.

«تاھىر ئىلە زۆھرە» ناملانغان بىر ۋارىيانتى 1918 ـ يىلى ماراس ـ ئەلبىستاندا تۇغۇلغان فاتما تامېر ئىسىملىك ئائىلە ئايالى كىچىكىدە باشقىلاردىن ئاڭلىغان ۋارىيانتىنى ئېيتىپ بەرگەن.

«تايىرنان زۆھرە» ناملىق ۋارىيانتى يەر كۆيدىكى باغلار باشى مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق قىيمەت جاھانگىر ئاتلىق كىشىدىن 1976 ـ يىلى خاتىرىلەنگەن بولۇپ زامانزاماندىن چوڭلاردىن كىچىكلەرگە تارقىلىپ كەلگەن ۋارىيانتى ئىكەنلىكى تەھقىقلەنگەن.

«تاھىر ئىلە زۆھرە»نىڭ بىر نۇسخىسى ساۋاتسىز كىشى كادىرىيە شەندىن 1977 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى خاتىرىلەنگەن. «تاھىر ئىلە زۆھرە» ناملىق يەنە بىر ۋارىيانتى ئەلەزىغدا خاتىرىلەنگەن، بۇنى ئېيتىپ بەرگۈچى خارپۇتتا ئولتۇرۇشلۇق 60 ياشلاردىكى فىكرىيە شاتىرمۇ ساۋاتسىز كىشى بولۇپ خارپۇتنىڭ سىرتىغا چىقىپ باقمىغان.

«تاھىر ئىلە زۆھرە» ناملانغان بىر ۋارىيانتى رۇمىنىيەگە كۆچمەن بولۇپ بېرىپ ئەرەبلەر ئاساس قىلىنغان جايدا يەرلەشكەن ئاتىنىڭ 1925 ـ يىلى تۇغۇلغان ئوغلى سەنىيە زىنجىر تەرىپىدىن ئېيتىپ بېرىلگەن. بۇ ــ قىرىم تاتارلىرىدىكى ۋارىيانت بولۇشى مۇمكىن، 1977 ـ يىلى خاتىرىلەنگەن.

ئەزەربەيجان ۋارىيانتى ئەخلىمان ئاخۇندوف ۋە تېخماسىپ تەييارلىغان بەش توملۇق «ئەزەربەيجان داستانلىرى»نىڭ ئىككى تومىغا كىرگۈزۈلگەن.

ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگە تەئەللۇق بولغان تۈرك ۋارىيانتى 1901 ـ يىلى ھېرمان ۋامبېرى تەرىپىدىن خاتىرىلىنىپ «خەلق ئاغزىدىن يېزىۋېلىنغان بىر ھېكايە» دېگەن نامدا تەييارلىنىپ لېيدىندا نەشر قىلىنغان.

قىرىم ۋارىيانتى رادلوف تەرىپىدىن تەييارلىنىپ «داخار ئىلەن زۆھرەنىن ماسالى ئىلەن تۈركۈسۈ» دېگەن نامدا 1896 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. داستاننىڭ «تايۇر ئۇند سائۇرا» دېگەن تېمىدىكى توبول ۋارىيانتىمۇ رادلوف تەرىپىدىن تەييارلىنىپ، گېرمان تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، 1872 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

تارانچى ۋارىيانتى كوپال شەھىرىدە 1862 ـ يىلى ھەمەر (ئۆمەر) ئىسىملىك بىر تارانچىدىن خاتىرىلىنىپ، گېرمان تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ «تايى پاتشا ۋە سورا خانىم» دېگەن تېمىدا ئېلان قىلغان.

ئانادولۇ ۋارىيانتىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان، تەرجىمە قىلىنىپ ئالبانلار ئارىسىدا تارالغان ۋارىيانتى 1966 ـ يىلى تىراندا نەشر قىلىنغان. ئەرمەنلەر ئارىسىدا تارالغان ۋارىيانتى تۈركچىدىن ئاغەك مىختاريان تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان، تۇنجى قېتىم 1901 ـ يىلى ئالېكساندروپولدا «تاھىر مىرزە ۋە زۆھرە خانىمدىن ناغىلى» دېگەن نامدا نەشر قىلىنغان.

ئالى كۆچۈك خايالى: «قارا گۆزدىكى تاھىر ئىلە زۆھرە ئويۇنى».

مەخمۇد خايالى: «تاھىر ئىلە زۆھرە» (ئالتە پەردىلىك قارا گۆز ئويۇنى)، يازما، ئىستانبۇل بېيل كۈتۈپخانىسىدا ساقلانماقتا.

«ھېكايەئى تاھىر ئىلە زۆھرە»، ئىستانبۇل يۇنۇش

ئەمرە باسمىخانىسى، 1850 ـ يىلى.

«ھكايەئى تاھىر ئىلە زۆھرە»، ئىستانبول، تاش باسما، ھۈسەين ئاغا مەتبەئەسى، 1883 ـ يىلى.

مولا ئاخمەت — موللا مەخمەت زارىفئوغلى: «قسسەئى تاھىر ئىلە زۆھرە»، قازان، 1889 ـ يىلى.

«تاھىر ئىلە زۆھرە»، تاش باسما، ئىستانبول، 1885 ـ يىلى.

«تاھىر ئىلە زۆھرە» («خۇرشىت ئىلە ماخمەرى» داستانى بىلەن)، تاش باسما، ئىستانبول، 1885 ـ يىلى.

«تاھىر ئىلە زۆھرە»، تاشباسما، ئىستانبول، 1886 ـ يىلى.

پانتاسوف: «تابىب پادىشاھ ئىلە زەھرا خانىم»، قازان، 1909 ـ يىلى.

«تاھىر مىرزا ۋە زۆھرە خانىمنى ناگىلى»، ئالېكساندىروپول، 1901 ـ ، 1911 ـ يىللىرى.

«ھكايەئى تاھىر ئىلە زۆھرە»، ئىستانبول ئەمنىيەت مەتبەئەسى، 1912 ـ يىلى.

ي. كېمىرلىنىسكۇ: «تاھىر ئىلە زۆھرە ئوپېراسى»، 1916 ـ يىلى.

ناكى ئىسەنبەت: «تاھىر ـ زۆھرە»، قازان، 1916 ـ يىلى.

ھىلمۇ زىيا ئۈلگەن: «تاھىر ئىلە زۆھرەدەن»، ئانادولو مەجمۇئەسى، 1921 ـ يىلى.

«ھېكايەئى تاھىر ئىلە زۆھرە»، دەرسائادەت، 1923 ـ يىلى.

«تاھىر ئىلە زۆھرە»، ئىستانبول ئىقبال كىتابچىلىقى، 1928 ـ ، 1930 ـ ، 1931 ـ يىللىرى.

گۇستاف رەكىت: «تايى بىلەن زوھرا»، لوند، 1930 ـ يىلى.

م. زەكى. كورگونال: «تاھىر ئىلە زۆھرە»، يۇسۇپ زىيا ۋە ئەمنىيەت كىتابچىلىقى، 1931 ـ يىلى.

ب. كېرىموف: «تاھىر ـ زۆھرە»، تاشكەنت، 1940 ـ يىلى.

ئاشروف، كېكلوف ھازىرلىغان: «زۆھرە ـ تاھىر»، ئاشخابات نەشرى، 1940 ـ يىلدىن 1959 ـ يىلغىچە ئالتە قېتىم بېسىلغان.

«تاھىر ئىلە زۆھرە»، ئىستانبول، 1940 ـ ، 1943 ـ يىللىرى.

س مۇنىر يۇرداتاپ: «تاھىر ئىلە زۆھرە»، ئىستانبول، بوزكۇرت كىتابچىلىقى، 1943 ـ ، 1960 ـ يىللىرى.

ئالى كۆچۈك خايالى: «تاھىر ئىلە زۆھرە»، «دۇنيا گېزىتى» 1952 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 5 ~ 13 ـ كۈنلىرىدىكى سانى.

«تاھىر ئىلە زۆھرە»، ئىستانبول، مائارىپ كىتابچىلىقى، 1944 ـ ، 1947 ـ ، 1955 ـ ، 1956 ـ يىللىرى.

مېخىلا ئاكاد: «تاھىر ئىلە زۆھرە»، كىنو سېنارىيەسى، 1951 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

سابىر ئابدۇللا: «تاھىر ئىلە زۆھرە»، مۇزىكىلىق دىراما، تاشكەنت، 1959 ـ يىلىدىكى ئۇيغۇرچە نەشرى يۇرتىمىزدىمۇ كەڭ تارقالغان.

ئە. جەم. گۈنەي: «تاھىر ئىلە زۆھرە»، تۈركىيە ئىستانبول يەدىتېپې، 1965 ـ يىلى.

ئافشار تىمۇچىن: «تاھىر ئىلە زۆھرە»، ئىستانبول، 1968 ـ يىلى.

قارا گۆز ۋارىيانتى جەۋدەت قۇدرەتنىڭ 1970 ـ يىلى ئەنقەرەدە نەشر قىلىنغان «قارا گۆز» ناملىق كىتابىدا ئېلان قىلىنغان، بۇ نۇسخىسى كۆپ قېتىم باشقا كىتابلارغا كىرگۈزۈپ نەشر قىلىنغان.

«تاھىر ئىلە زۆھرە»، ئەخمەت كوزئوجو تەييارلاپ «فولكلور» ژۇرنىلىنىڭ 1972 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

فەۋزى گۈرگەن: «تاھىر ئىلە زۆھرە»، تۈركىيە ئىستانبول ساغلام كىتابچىلىقى، 1976 ـ يىلى.

«تاھىر ئىلە زۆھرە»، ئىستانبول، ھاجى ھۈسەيىن ئەپەندى مەتبەئەسىدە بېسىلغان.

مۇستافا گۆكچوئوغلى تەييارلىغان: «تاھىر ئىلە زۆھرە (كىبرىس تۈرك ۋارىيانتى)»، 1999 ـ يىلى.

«تاھىر ـ زۆھرە» داستانىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ھەر خىل قول يازما ۋە ئېغىزدىن خاتىرىلەنگەن نۇسخىلىرى تېخىچە سىلىشتۇرۇلۇپ تەتقىق قىلىنغىنى يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارالغان توققۇز خىل نۇسخىسىنى رەتلەپ «سۆيگۈ ئابىدىسى — تاھىر ۋە زۆھرە» دېگەن تېمىدا 2012 ـ يىلى نەشرگە تاپشۇرغانىدىم، مەن يۇقىرىقى توپلامغا كىرگۈزگەن توققۇز نۇسخىنىڭ قىسقىچە ئۇچۇرى تۆۋەندىكىچە:

«تاھىر ـ زۆھرە» داستانىنىڭ سەييادى يازغان

نۇسخىسى، بۇ قول يازما قەشقەرنىڭ توققۇزاق ناھىيەسىدىن تېپىلغان، ھەجمى 16×27.5 سانتىمېتىر، 102 بەت. بۇ قول يازمىدىكى ئوقۇرمەنلەر تەرىپىدىن يېزىلغان ئۇچۇرغا ئاساسەن 1861-يىلىدىن بۇرۇن يېزىلغانلىقىغا جەزم قىلىنغان. بۇ ئەسەر «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1995-يىللىق 1-سانىدا ئەھمەد ھېمىت ئەپەندىنىڭ تەييارلىشىدا ئېلان قىلىنغان.

«تاھىر ۋە زۆھرە» داستانىنىڭ خوتەن نۇسخىسىنى شۋېتسىيەلىك ئۇيغۇرشۇناس گۇننار ياررىڭ 1935-يىلى ھىندىستان تەۋەلىكىدىكى كەشمىر ۋە سىرىناگار خاتىرىلىگەن، خوتەنلىك دېھقانلار ئالىم ئاخۇن (25 ياش) ۋە ھاشىم ئاخۇن ئېيتىپ بەرگەن. 1939-يىلى رەتلەنگەن بۇ تېكىستلەر 1946-يىلى شۋېتسىيەنىڭ لۇندتا نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى»دىن مەمتىمىن يۈسۈپ، بارىجان زەپەرلەرنىڭ تەييارلىشىدا مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1997-يىلى ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان.

«تائىر ئى زورا» داستانىنىڭ بۇ نۇسخىسىنى رۇس ئۇيغۇرشۇناسى س. ي. مالوف چاقىلىق مۇران مەھەللىسىدە 1914-يىلى 8-ئايدا خاتىرىلىگەن، بۇ ئېغىز ئىجادىي ئالىمنىڭ 1956-يىلى رۇس تىلىدا نەشر قىلىنغان «لوپنۇر دىيالېكتى» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن. بۇ نۇسخا «كىروران» ژۇرنىلىنىڭ 2012-يىللىق 3-سانىدا مېنىڭ تەييارلىشىمدا ئېلان قىلىندى.

«تاھىر-زوھرا داستانى» (كورلا، لوپنۇر نۇسخىسى) مۆھتەرەم تىلشۇناسلىرىمىز ئىمىن تۇرسۇن، مىرسۇلتان ئوسمانوف، م. رەھىموف، داۋۇت تۇرەھمەت قاتارلىق 1956-، 1960-يىللىرى كورلا، لوپنۇر قاتارلىق جايلاردا تىل تەكشۈرۈش داۋامىدا خاتىرىلىگەن. مەرھۇم ئەرشىدىن تاتلىق 1981-يىلى بۇ داستاننى ئەسلىي كوپىيەسىگە ئاساسەن قايتا ئىشلىگەن بۇ نۇسخا «بوستان» ژۇرنىلىنىڭ 1981-يىللىق 1-سانىدا، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1985-يىللىق 4-سانىدا، «كورلا خەلق چۆچەكلىرى» (1993-يىلى نەشرى)دە ئېلان قىلىنغان.

«تاھىر-زۆھرە»نىڭ غۇلجا نۇسخىسىنى مەرھۇم تۇرسۇن زېرىدىن 1982-يىلى غۇلجىدىكى خەلق قوشاقچىسى توختى شەمشىدىن ئاكىنىڭ ئېيتىپ بەرگىنىگە ئاساسەن خاتىرىلىگەن. كېيىنكى يىلى غۇلجىدىن موللا تاھىر تاش موللام تەرىپىدىن يېزىلغان قول يازما تېپىلغان، قول يازمىغا يېزىلغان ۋاقتى يېزىلمىغان بولسىمۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ يېزىپ قويغان خاتىرىسىدىن قارىغاندا، يېزىلغىنىغا 100 يىلدىن ئاشقان دەپ ھۆكۈم قىلىنغان. 1880-يىللاردىن بۇرۇن يېزىلغان بۇ قول يازما بىلەن توختى شەمشىدىن ئېيتىپ بەرگەن نۇسخا ئوخشاش. بۇ نۇسخا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986-يىلى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى (2)»دە ۋە «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1983-يىللىق 1-سانىدا ئېلان قىلىنغان.

«تاھىر ۋە زۆھرە» خوتەن نۇسخىسىنى مەتقاسىم ئابدۇراھمان تەييارلىغان، بۇ نۇسخا بىر دېھقان تەرىپىدىن قوي ئېغىلىغا كۆمۈپ ساقلانغان، بۇ يازما نۇسخا «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1996-يىللىق 3-سانىدا ئېلان قىلىنغان.

«تاھىر-زۆھرە»نىڭ بىر يازما نۇسخىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان 63-نومۇردا ساقلىنىۋاتىدۇ. ش ئۇ ئا ر مۇزېيدا 63-نومۇردا ساقلىنىۋاتقان بۇ نۇسخا ئېلى ئەزىز ۋە توختى تۇراخۇنلارنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ ئومۇمىي 18-سانىدا 1986-يىلى ئېلان قىلىندى.

«تەبب پادىشاھ بىرلە زۆھرەخانىنىڭ ۋەقەلىرىنى بايان قىلۇر»، بۇ پانتاسوفنىڭ 1909-يىلى تاتارىستاننىڭ قازان شەھرىدە نەشر قىلدۇرغان «تارانچى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرى» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن. بۈيۈك رىئالىست شائىر موللا بىلال بىننى موللا يۈسۈپ نازىمى (1823—1900) رۇس بىلىمدانى پانتاسوفقا ئۆزى خاتىرىلەپ بەرگەن نۇسخىدىن ئىبارەت. بۇ نۇسخا ئىلى رايونىدا تارالغان، 1880-يىللاردىكى داستاننىڭ خاتىرىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، دوكتور نىجات سوپىنىڭ تەييارلىشى بىلەن 2014-يىلى «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى.

«تەيى بىلەن زۆھرە» ناملانغان نۇسخىسى شۋېتسىيەلىك ئۇيغۇرشۇناس گۇستاف رەكېت تەرىپىدىن كىتاب سۈپىتىدە نەشر قىلىنغان. بۇ كىتاب كىرىش سۆز، ئەسلىي تېكىست (ئەينى ۋاقىت ئۇيغۇر يېزىقى ھەم ترانسكرىپسىيە) ۋە تەرجىمىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، شۋېتسىيەنىڭ لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىدا 1930-يىلى نەشر قىلىنغان. گۇستاف رەكېت ئېلان قىلغان بۇ نۇسخا ش ئۇ ئا ر مۇزېيدا 63-

MIRAS

نومۇردا ساقلىنىۋاتقان قول يازما بىلەن ئوخشاش ياكى ئىككى نۇسخىنى بىر مەنبەدىن كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ. بۇ نۇسخىنى دوكتور ئىسمائىل ئىبراھىم تەمىنلىگەنىدى، شۇ ئاساستا تەييارلاپ كىتابقا كىرگۈزدۇم ھەمدە ئىككى ژۇرنالغا ئەۋەتكەن بولساممۇ ئېلان قىلىنمىدى.

«تەيى پاشا بىلەن زورا خېنىم» ناملانغان نۇسخىسىنى رۇسىيەلىك تۈركولوگ رادلوف ئېلان قىلغان. بۇ نۇسخا ئۇ توپلاپ نەشر قىلدۇرغان ئون توملۇق «شىمالىي تۈركىي تائىپىلەرنىڭ خەلق ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»نىڭ 6-تومىدا (1906-يىلى نەشر قىلىنغان) كىرىل ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ترانسكرىپسىيەدە ئېلان قىلغان. بۇ نۇسخا «كىرۇران» ژۇرنىلىنىڭ 2012-يىللىق 3-سانىدا مېنىڭ تەييارلىشىمدا ئېلان قىلىندى.

«تاھىر-زۆھرە» داستانىنىڭ بىر نۇسخىسى باي ناھىيەسىدە 1990-يىلى توپلىنىپ، «باي خەلق چۆچەكلىرى» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈپ ئېلان قىلىنغان.

يۇقىرىقى نۇسخىلاردىن باشقا «تاھىر-زۆھرە»نىڭ مامۇت قاسىم تەرىپىدىن تەييارلانغان ئىجادىي نۇسخىسى 2006-يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «بوز يىگىت بىلەن ئاق جۇۋان» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. 1900-يىللىرىنىڭ بېشىدا تاشكەنت غۇلامىيە مەتبەئەسىدە چاپ قىلىنغان ھەمدە رايونىمىزغىمۇ تارقالغان تاتارچە بۇ نۇسخا، تەتقىقاتچى ئىسرائىل يۈسۈپ تەرىپىدىن تەييارلىنىپ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1994-يىللىق 3-سانىدا ئېلان قىلىنغان. 19-ئەسىرنىڭ بېشىدا چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان 80 بەتلىك بىر قول يازما نۇسخا، قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGQ082-نومۇردا ساقلىنىۋاتىدۇ. 1737-يىلى ياركەنتلىك روزى مۇھەممەد تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن 442 قۇر نەسر، 1262 قۇر نەزمىدىن تۈزۈلگەن نۇسخا، 1880-يىلى كۆچۈرۈلگەن شۇ ئۇ ئا ر مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان كۆچۈرگۈچىسى نامەلۇم نۇسخىسى قاتارلىقلار بىر قەدەر مۇھىم دەپ قارالماقتا.

ئومۇمەن ئالغاندا، «تاھىر-زۆھرە» داستانى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىلا ئەمەس، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ خېلى كۆپىدە خېلى كەڭ دائىرىدە تارقالغان، بىر تىل ئائىلىسىگە تەۋە بولغان تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا تارقىلىش داۋامىدا ھەر خىل ۋارىيانتلىرى بارلىققا كەلگەن.

داستان ئۈستىدىكى تەتقىقاتلارمۇ 19-ئەسىردىن باشلانغان بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى نۇسخىسى (ۋارىيانتلىرى) تېخى رەتلىنىپ ئېلان قىلىنغىنى يوق. ئېغىز ئىجادىيەتلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش ئىشلىرىدا شۇ ئېغىز ئىجادىيەتلىرىنىڭ تارقىلىش جەريانى، دائىرىسى، تارقاتقۇچى ۋە باشقا مەسىلىلەرگە دائىر ئارخىپ تۇرغۇزۇش ئىشىغا ئەھمىيەت بېرىلمەيۋاتىدۇ، ھەتتا 21-ئەسىردە ئېلان قىلىنىۋاتقانلىرىدىمۇ مۇشۇنداق ئەھۋاللار سادىر بولماقتا. يەنە بىر مەسىلە «تاھىر-زۆھرە» داستانى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتسىمان ئىجادىيەتلىرىمىزدە ئىلمىي مېتودتىن كۆرە ھېسسىي قاراشلارغا كۆپرەك بېرىلىش ئەھۋالىمۇ كۆپ سادىر بولماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئېغىز ئىجادىيەتلىرىنى ئۆگىنىمىز، تەتقىق قىلىمىز دەيدىكەنمىز چوقۇم ئاشۇ مىراسنىڭ ھەر خىل ۋارىيانتلىرىنى يىغىپ سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشىمىز، تارقىلىش لىنىيەسىنى ئېنىقلىشىمىز زۆرۈر. «تاھىر-زۆھرە» داستانى يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك 16-ئەسىردىن بېرى كەڭ دائىرىگە تارالغان، 24 خىلدىن ئارتۇق ۋارىيانتى بار خەلق داستانىدىن ئىبارەت. فىكرەت تۈركمەن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كىتابىدا بۇ داستانىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن يېزىۋېلىنغان ئىلى ۋارىيانتى (پانتاسوف نەشرى) ۋە قەشقەر ۋارىيانتى (گۇستاف رەكىت نەشرى)نى تەتقىق قىلىش دائىرىسىگە كىرگۈزگەن، شارائىتى بولمىغانلىقىدىن بولسا كېرەك، قالغان نۇسخىلىرىدىن پايدىلانمىغان. ھازىر بىزدىمۇ بۇ داستانىنىڭ ھەرقايسى ۋارىيانتلىرىنى توپلاپ، سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشىمىزغا شارائىت پىشىپ يېتىلمەكتە. ناۋادا ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئېيتىلغان، خاتىرىلەنگەن نۇسخىلىرىنى ھەرقايسى ۋارىيانتلىرىغا (فىكرەت تۈركمەن توپلىغان 24 ۋارىيانتىغا ئوخشاش) سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىدىغان بولساق نۇرغۇن، سىرلار جۇملىدىن، قەيەردە بارلىققا كەلگەنلىكى، مازىرىنىڭ قەيەردىلىكى، قانداق تارقالغانلىقى... قاتارلىق نۇرغۇن مەسىلىلەر ئايدىڭلاشقان بولاتتى.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:
فىكرەت تۈركمەن: «تاھىر ئىلە زۆھرە»، تۈركىيە ئاتاتۈرك كۇلتۇر مەركىزى 1998-يىلى تۈركچە نەشرى.
غالىب بارات ئەرك: «سۆيگۈ ئابىدىسى — تاھىر ۋە زۆھرە».

(ئاپتور: چاقىلىق ناھىيە تېلېگراف شىركىتىدە)










# ئۆلۈم ئۇزىتىش ئادەتلىرىمىز ئۈستىدە ئىزدىنىش

**ھاۋاخان ئىبراھىم**

مەلۇمكى، ھەرقايسى مىللەتلەر ئىنسانىيەت تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا خىلمۇخىل ئۆرپ-ئادەت ۋە قائىدە-يوسۇنلىرى ئارقىلىق، ئۆز ئالدىغا بىر مەدەنىيەت سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. مۇشۇ مەدەنىيەت سىستېمىسى ئىچىدە ئۆلۈم ئۇزىتىش ئادەتلىرى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. خۇددى يېقىنقى زامان ئىجتىمائىي پەنلىرىنىڭ ئاساسىنى تىكلىگەن ئىتالىيە ئالىمى ۋېيكو ئۆزىنىڭ «يېڭى ئىلىم-پەن» ناملىق كىتابىدا ئېيتقاندەك «مەيلى ياۋايى ياكى مەدەنىيەتلىك مىللەت بولسۇن، ئۆلگۈچىنى دەپنە قىلىش ھەرقانداق مىللەت ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ئۆرپ-ئادەتتۇر ① ئۆلۈم ئىنسان ھاياتىنىڭ ئاخىرلىشىشىدۇر. شۇنداقلا كىشىلىك تۇرمۇشتىكى غايەت زور تىراگېدىيەدۇر. ئۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق ھادىسە، لېكىن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاپ ئۆتكەن قەدىمكى مىللەتلەر، قەدىمكى قەبىلىلەر ۋە ئۇرۇقلار ئۆزلىرىنىڭ ئوخشىمىغان ئۆرپ-ئادەتلىرى ئارقىلىق ئۆلگۈچىنى سېغىنغان، خىلمۇخىل دەپنە مۇراسىملىرى ئارقىلىق ئۆلگۈچىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغان. مەلۇمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دەپنە-مۇراسىملىرىمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزگىچە مىللىي ئۆرپ-ئادىتىنى ئەكس ئەتتۇرگەن بولۇپ، ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، كۆپ خىل دىنلار ۋە كۆپ خىل مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋە بەلگىلىك ئۆزگىرىشكە ئىگە بولغان.

ئۇيغۇرلار روھ تەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن روھنىڭ يەنىلا ياشايدىغانلىقىغا، يېڭى بىر ھاياتلىققا ئېرىشىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشەنگەن. شۇڭا ئۆلگۈچىنىڭ روھىنى قورۇندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر-چىراغ قىلىش ئادەتلىرى شەكىللەنگەن. ئۇزاق

تارىخىي دەۋرلەر داۋامىدا بۇ خىل دەپنە مۇراسىم ئادەتلە-
رىنى خىلمۇخىل شەكىللەردە ئېلىپ بارغان ۋە بارغانسېرى
مۇكەممەللىشىپ بارغان ۋە ھەرقايسى رايونلاردىكى ئۇيغۇ-
رلارنىڭ دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرى مەلۇم پەرقلەرنى
شەكىللەندۈرگەن. مەن تۆۋەندە قومۇل كان رايونىدىكى
ئۇيغۇرلارنىڭ دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرى ئۈستىدە توختى-
لىپ ئۆتىمەن.

قومۇل كان رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دەپنە مۇرا-
سىم ئادەتلىرى ئاساسەن قومۇل رايونىدىكى ئۇيغۇرلار-
نىڭ دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇنى
تۆۋەندىكى بىر نەچچە جەھەتتىن چۈشەندۈرۈشكە بولى-
دۇ.

### 1. سەكراتقا چۈشكەندە قىلىدىغان تەييارلىق ئىشلار

1) جان ئۈزۈشتىن ئىلگىرى ئېغىر كېسەللەر كېپەن-
لىك رەخت، چاچقۇ، پۇل قاتارلىق نەرسىلەرنى تەييارلاپ
قويۇشنى پەرزەنتلىرىگە ۋە ئۇرۇق- تۇغقانلىرىغا تاپىلاي-
دۇ، ھازىر تاسادىپىي ئېغىر كېسەللەرگە گىرىپتار بولغان
كىشىلەرنىڭ ئايالى ياكى يولدىشى، پەرزەنتلىرى بىمارنىڭ
ئاخىرەتلىك نەرسىلىرىنى ئالدىن تەييارلاپ قويىدىغان
ئادەت شەكىللەنگەن.

2) ۋەز نەسىھەتلەر: ئېغىر كېسەللەر ۋە ياشانغانلار
ئۆلۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى پەرزەنتلىرىگە ئىناق- ئىتتىپاق
ئۆتۈش، ياخشى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش، ئۆزئارا
ياردەم بېرىش، بىر- بىرىگە كۆيۈنۈش ھەققىدە نەسىھەت
قىلىدۇ. ئۆزىدىن كىچىك قالغان بولسا، ئۇلارنىڭ ھالىدىن
ئوبدان خەۋەر ئېلىش توغرىسىدا پەرزەنتلىرىگە ۋە ئۆزى
ئىشەنچ قىلغان ئۇرۇق- تۇغقانلارغا ئۇلارنىڭ ھالىدىن
خەۋەر ئېلىش توغرىسىدا ۋەسىيەت قىلىدۇ. ئۆلۈپ كەت-
كەندىن كېيىن ئۆزىگە ئاتاپ قىلىنغان نەزىرلەرنى ئاددىي-
ساددا ئۆتكۈزۈش، نەزىرگە ئاتىغان پۇللارنى يېتىم بالى-
لارنىڭ تۇرمۇشى ۋە مەكتەپتە ئوقۇشى ئۈچۈن ۋە تۇل
خوتۇنلارنىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈن ئىشلىتىش ھەققىدە نەسى-
ھەت قىلىدۇ، ئاندىن بارلىق پەرزەنتلىرى ۋە ئۇرۇق-
تۇغقانلىرىغا رازىلىق دۇئا بېرىدۇ.

3) ئۆي- زېمىن ۋە مال- مۈلۈكلەرنىڭ تەقسىم قىلى-
نىشى: بەزى ياشانغانلار ۋە ئېغىر كېسەللەر ئۆلۈشتىن ئىل-
گىرى يەنى ھايات ۋاقتىدا مىراسلىرىنى ئالدىن بۆلىدۇ.
ئۆي- زېمىنلەرنى ئوغۇللىرىغا تەڭ بۆلۈپ بېرىدۇ. ئەگەر
ئوغلى بولمىسا بۇ ئۆي زېمىن قىزىغا قالدۇرۇلىدۇ. بەزى
ئائىلىلەردە پەرزەنتلەرنىڭ ئائىلە ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا ئا-
ساسەن، قىز ياكى ئوغۇل بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئۆي ۋە
مال- مۈلۈك قىيىنچىلىقى بارلارغا كۆپرەك بۆلۈپ بېرىلى-
دۇ.

4) سەكراتقا چۈشۈپ قالغان ۋاقتتا ئۇنىڭ ئائىلىسى-
دىكىلەر ئالدى بىلەن يېقىن قوشنىلىرىغا، ئاندىن ئۇرۇق-
تۇغقانلىرىغا خەۋەر قىلىدۇ. ئەگەر سەكراتقا چۈشكۈچى
ئەر بولسا، ئىمام ياكى مەزىنلەرگە خەۋەر قىلىدۇ، ئايال
بولسا بۈۋىلەرگە ئالدىن خەۋەر قىلىدۇ. ئائىلىسىدىكىلەر
بولسا يىغلىماي، شاھادەت كەلىمىسىنى ئوقۇيدۇ. سەكراتتى-
كى كىشىگە ھۆرۈپ ئاللادىن ئۇ كىشىنىڭ جان بېرىشى
ئاسان بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ. بۈۋىلەر سۈرە ياسىن-
نى ئوقۇپ دەمدە قىلىپ، سەكراتتىكى كىشىگە ئىچكۈزىدۇ.
سەكرات ئوخشاش بولمايدۇ، بەزى كىشىلەر بىر كۈن
ياكى بىر- ئىككى سائەت سەكرات ئازابى تارتىدۇ. يەنە
بەزى كىشىلەر ئون كۈندىن 15 كۈنگىچە سەكرات ئازابى
تارتىدۇ. سەكراتقا چۈشكۈچىنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە ئۇرۇق-
تۇغقانلىرى جان بەرگۈچى يېنىدىن ئايرىلماي، دۇئا-
تىلاۋەت قىلىدۇ ياكى ئۇنىڭغا ئاتاپ كىچىك نەزىر بېرى-
دۇ.

5) سەكراتقا چۈشكەندە قولۇم- قوشنىلار سەكراتقا
چۈشكۈچىنىڭ يىراق- يېقىندىكى ئۇرۇق- تۇغقانلىرىغا
خەۋەر قىلىدۇ: ھويلا- ئارانلارنى پاكىز تازىلاپ، ئۆي ئە-
چىگە كۆجە قاتارلىق نەرسىلەرنى ياقىدۇ، سەكراتقا چۈش-
كۈچىنىڭ كېپەن، يەرلىك قاتارلىق ئاخىرەتلىك نەرسىلەر-
نى تەييارلاشقا كىرىشىدۇ.

### 2. جان ئۈزۈپ بولغاندىن كېيىنكى ئىشلار

ئادەمنىڭ تىنىقى توختىغاندىن كېيىن ھەممە پەرزەنت-
لىرى، ئۇرۇق- تۇغقانلىرى ئولتۇرۇپ رازىلىق بىلدۈرۈپ
دۇئا قىلىدۇ. پۈتۈن ئۆيلەرگە كۆجە يېقىلىدۇ. مېيىتنىڭ
ئېڭىكى چېتىلىدۇ. ئاندىن ئىككى پۇتى جۈپلىنىپ، ئىككى
پۇتىنىڭ باش بارماقلىرى ئىككى سانتىمېتىر كەڭلىكتىكى
ئاق رەخت بىلەن چېتىلىدۇ. يۈز- كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ قو-
يىدۇ. كۆزى ئوچۇق قالغان بولسا كۆزى يۇمدۇرۇلىدۇ.
ئىككى قولىنى ئىككى تەرەپتە تۈپتۈز قىلىپ قويىدۇ. مېيىت-
نىڭ پۇت- قوللىرى تۈزلەپ ياتقۇزۇپ قويۇلغاندىن كېيىن

دەرھال يىراق- يېقىندىكى تۇغقانلارغا، يار- بۇرادەرلىرد-
گە، جامائەتكە خەۋەر قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۆلگۈچى كېچىدە
جان ئۈزگەن بولسا، كېچىنى كېچە دېمەي خەۋەر بېرىدۇ.
مېيت ئىگىلىرى ئاياللار بېشىغا ئاق ياغلىق سېلىپ ھازد-
دار بولۇپ ئولتۇرىدۇ، ئەرلەر بېشىغا سەللە ئورالغان
دوپپا كىيىپ ئىشىك ئالدىدا تۇرىدۇ. قالغان ئۇرۇق- تۇغ-
قانلىرى بېشىغا شاپاق دوپپا، چاچما دوپپا ياكى بادام
دوپپا كىيىپ تۇرىدۇ. ئەر جامائەتلەر ئەر ھازىدارلار
بىلەن قول ئېلىشىپ ياكى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ ھال-
ئەھۋال سوراپ تەسەللى بېرىدۇ. ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلى-
غان يۇرتتىكى چوڭ- كىچىك ئاياللار ئاياللار ھازىدارلار
بىلەن كۆرۈشىدۇ. ئەگەر يېقىن تۇغقانلىرى ۋە دوست- بۇ-
رادەرلىرى بولسا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ تەسەللى سۆزلە-
رىنى قىلىدۇ. ئەگەر تونۇشلىرى بولسا، قول ئېلىشىپ كۆ
رۈشۈپ ئۆلۈمگە ئامال يوقلۇقىنى، تەقدىرگە بويسۇنۇش،
سەۋر قىلىش توغرىسىدا تەسەللى سۆزلىرىنى قىلىدۇ. بىر
مەھەللىلىك جامائەتلەر ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق- تۇغقانلىرى
بىلەن مېيىتنى قاچان ئۇزىتىش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىدۇ
ۋە ۋاقىتنى بەلگىلەيدۇ. ئەتىگەندە جان ئۈزۈپ بارلىق
پەرزەنتلىرى كېلىپ بولغان بولسا، شۇ كۈنى پېشىن نامى-
زىدىن كېيىن ئۇزىتىلىدۇ. ئەگەر تۇيۇقسىز جان ئۈزگەن
بولسا، يىراقتىكى پەرزەنتلىرىنى ساقلاپ، بىر كۈندىن
كېيىن دەپنە قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئادەتتە مېيىتنى
ئۆيدە ئۇزاق تۇرغۇزماي تېز دەپنە قىلىدۇ، ئەگەر ياز
كۈنلىرى يىراقتىكى پەرزەنتلىرىنى ساقلىغاندا، مېيىتنىڭ
ئەتراپىغا توڭلىتىلغان سۇ ياكى شامالدۇرغۇچ قويۇپ قو-
يۇلىدۇ.

### 3. مېيىتنى يۇيۇشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

1) مېيىتنى يۇيىدىغانلار قۇرئان ئوقۇيالايدىغان،
ئەخلاق- پەزىلەتتە باشقىلارغا ئۈلگە بولىدىغان، كىشىلەر-
نىڭ ئەيىبلىرىنى ئاچمايدىغان، غەيۋەت- شىكايەتتىن خالىي
تەقۋادار كىشىلەر بولۇشى كېرەك.

2) مېيت يۇيۇش ئۈچۈن تىنچ مۇھت بولۇشى
كېرەك. مېيىتنى يۇيىدىغان ئۆيگە ئۆي ئىگىلىرىدىن باشقا
كىشىلەرنىڭ كىرىپ- چىقىشىغا بولمايدۇ.

3) ھەيز كۆرۈپ قالغان ئاياللارنىڭ كىرىشىگە بول-
مايدۇ.

4) مېيىتنىڭ قېشىدا كۈلۈشكە، ئۈنلۈك ئاۋازدا سۆز-
لىشىشكە بولمايدۇ.

5) مېيت ئۈچۈن سۇنى نورمال تەييارلاش كېرەك.

مېيىتنى يۇيۇشتىن ئىلگىرى مېيىتنىڭ كىيىملىرى ئاستا
سالدۇرۇپ، قولايلىق بولمىغان تەرەپلىرى قايچا بىلەن
كېسىپ ئېلىنىدۇ. مېيىتنىڭ ئالتۇن چىشلىرى بولسا ئېلىۋېت-
كىلى بولىدىغانلىرى ئېلىۋېتىلىدۇ، ئېلىۋەتكىلى بولمايدىغاند-
لىرى شۇ پېتى قالدۇرۇلىدۇ.

### مېيىتنى يۇيۇش ئۇسۇللىرى

مېيىتنى يۇيۇشتىن ئىلگىرى مېيىتنى يۇيىدىغانلار مې-
يىتنى يۇيۇدىغان سوپۇن، سۇ ۋە كېپەنلەرنى تەييارلايدۇ.
ئەگەر ئايال بولسا تارغاق، سۈزگۈچ ۋە بىر جۈپ
لۆڭگە، بىر دانە يۈز سوپۇنى، بىر قۇتا ئەتىر ۋە بىر يىپ
ئىشتان تەييارلايدۇ. مېيىتنى يۇيىدىغان ماسكا ۋە پەلەي-
لەرنى بازاردىن سېتىۋالىدۇ. تەييارلانمىغان بولسا كېپەنلىك
رەختتىن تىكىپ راستلايدۇ.

مېيىتنى يۇيۇش باشلانغان ھامان قارىلاردىن بىرى
دېرىزە تۆۋىدە تۇرۇپ، سۈرە تاھەنى ئوقۇيدۇ. مېيىتنى
يۇغاندا مېيىتنىڭ پەرزەنتلىرى قاتنىشىشنى خالىسا، يۇيۇشقا
ياردەملىشىدۇ. مېيىتنى يۇغاندا مېيىتنىڭ پەرزەنتلىرى باش
تەرىپىدە تۇرۇپ بېشىنى تۇتۇپ بېرىدۇ. مېيىتنى ئۆرىگەند-
دە ياردەملىشىدۇ. مېيىتنى يۇيۇشقا تۆت ئادەم قاتنىشىدۇ،
بىرەيلەن سۇ تەڭشەيدۇ، ئىككىيلەن يۇقىرى تەرىپىگە،
ئىككىيلەن تۆۋەن تەرىپىگە مەسئۇل بولىدۇ. مېيت ئوڭ
تەرەپتىن باشلاپ يۇيۇلىدۇ. بېشىدىكى ئىككى ئادەم قول-
نى يۇيىدۇ. ئېغىز بۇرنىغا سۇ ئالدۇرۇپ يۈز- بىلەكلىرىنى
يۇيىدۇ. بىلىكىنى جەينىكىگە كەلگۈچە يۇيىدۇ. ئاندىن
باشتىن سۇنى بىر قېتىم بەلگە كەلگۈچە قويۇپ يۇيۇدۇ.
ئاندىن تۆۋەندە تۇرغان ئىككىيلەن مېيتقا ئىستىنجا قىلد-
دۇرۇپ، بەلدىن تۆۋەن قىسمىنى يۇيىدۇ. يۇغاندا ئوڭ
تەرەپتىن پۇتىنىڭ ئۇچىغىچە يۇيىدۇ. بارماق، تىرناق ئارد-
لىقلىرى چالا قويماي يۇيۇلىدۇ. بۇنداق يۇيۇش ئۈچ
قېتىم تەكرارلىنىدۇ. مېيىتنى ئىككىنچى قېتىم يۇيۇشنى باش-
لىغاندا بۇۋىلەر سۈرە ياسىننى نۆۋەتلىشىپ ئوقۇيدۇ.
سۈرە ياسىننى ئوقۇش ئۈچىنچى قېتىم يۇيۇشنى ئاخىرلاش-
تۇرغىچە تاماملىنىدۇ. يۇيۇلۇپ بولغاندا خۇش پۇراق نەر-
سىلەر چېچىلىپ، ئاندىن مېيت ئايال بولسا چېچى تارىلىپ
يارمىسى ئايرىلىدۇ. ياغلىقنىڭ ئۇچى چېچىغا چىگىلىپ قول-
تۇقىغا قىستۇرۇلىدۇ. چېچى بولمىسا ياغلىقنىڭ ئۇچى

قولتۇقىغا قىستۇرۇلىدۇ، كۆكرەك قىسمىغا سىنەلباغ تېڭىلە-
دۇ. تەرەت لاتا قىستۇرۇلىدۇ. ئاندىن ئىچ كۆڭلەك ۋە
تاشقى كۆڭلەك تىكىپ كىيگۈزۈلىدۇ. (ئىچ كۆڭلەك ۋە
تاشقى كۆڭلەكلەرنى مېيىت يۇيىدىغانلار تىكىپ تەييارلاي-
دۇ). تاش كۆڭلەكنىڭ تېشىغا يەنە بىر قات رەخت بېشى
ۋە ئايىغىدىن بىر مېتىر قالدۇرۇلۇپ پۈتۈن بەدىنىگە يۆ-
گىلىدۇ. ئاندىن بېشى ۋە پۇتىنىڭ ئىككى ئۇچىدىن
بوغۇپ قويۇلىدۇ، مېيىت يۇيۇلۇپ بولغاندىن كېيىن كې-
گىز گە يۆگىلىپ جىنازىغا قويۇلىدۇ.

**4. مېيىتنى ئېلىپ مېڭىش ۋە ئۇزىتىش، يەرلىككە قويۇش ئۇسۇللىرى**

مېيىتنى ئېلىپ مېڭىشتىن ئىلگىرى پەرزەنتلىرى بىر
قېتىمدىن دۇئا تەلەپ قىلىپ، مېيىت ئۇچۇن ئاللادىن مەغ-
پىرەت تىلەيدۇ. قولۇم- قوشنا ۋە ئەل- جامائەتتىن رازى-
لىق ۋە دۇئا ئالىدۇ. مېيىت ئۇزىتىشقا يۇرتتىكى يەتتە
ياشتىن 70 ياشقىچە ئەرلەر قاتنىشىدۇ. مېيىتنى تاۋۇتقا
سېلىپ ئېلىپ چىققاندا، ئالدى بىلەن تاۋۇتنى شەرىئەت
ئەھكاملىرىنى ياخشى بىلىدىغان كىشىلەر كۆتۈرۈپ چىقى-
دۇ. ئاندىن تاۋۇتنى ماشىنىغا سېلىپ، تاۋۇتنىڭ يېنىدا مې-
يىتنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە تۇغقانلىرى ۋە قولۇم- قوشنىلىرى،
يۇرت چوڭلىرى تاۋۇت سېلىنغان ماشىنا بىلەن بىللە ماڭى-
دۇ. قالغان جامائەتلەر ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ماشىنى-
لارغا ئولتۇرۇپ تاۋۇت قويۇلغان ماشىنىنىڭ كەينىدىن ئە-
گىشىپ ماڭىدۇ. (كان رايونىدا يەرلىك يىراق بولغاچقا ما-
شىنا بىلەن مېڭىش ئادەتكە ئايلانغان). ئاندىن يەرلىككە
كەلگەندىن كېيىن مېيىت نامىزىنى چۈشۈرىدىغان ئورۇنغا
تاۋۇتنى جامائەت قول- قول تۇتۇشۇپ تاۋۇتنى ماشىنى-
دىن چۈشۈرۈپ ئاپىرىدۇ، تاۋۇتنىڭ ئالدىدا مېيىتنىڭ پەر-
زەنتلىرى ۋە بىۋاستە ئۇرۇق- تۇغقانلىرى ماڭىدۇ. يەر-
لىككە قويۇشتىن ئىلگىرى مېيىتنىڭ يېشى سورۇشتۇرۇ-
لۇپ، چوڭ ياشلىق تۇغقانلىرىنىڭ بەرگەن جاۋابى بويىچە
مەرھۇمنىڭ قانچىنچى يىلى تۇغۇلۇپ، قانچە ياشقا كىرگەن-
لىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئەسكەرتىش: (مېيىتنىڭ يېشى ئادەتتى-
كى يېشىدىن ئىككى ياش يۇقىرى ھېسابلىنىدۇ). ئۇنىڭ
ھايات ۋاقتىدىكى ئىش ئىزلىرى تەرىپلىنىدۇ. مەرھۇمنىڭ
ھايات ۋاقتىدا ئادا قىلالمىغان ئېلىم- بېرىم ئىشلىرىنى
ئۇنىڭ ۋارىسلىرى جامائەتتىن رازىلىق سورايدۇ. بار
بولسا ئۆزىنىڭ ئادا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ جامائەتتىن
رازىلىق سورايدۇ. ئەگەر مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدا باشقى-
لارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرگەن تەرەپلىرى بولسا جامائەت-
تىن كەچۈرۈۋېتىشنى سوراپ رازىلىق ئالىدۇ. ئاندىن جا-
مائەت مەرھۇمنىڭ جەننەتكە كىرىشىنى تىلەپ دۇئا قىلى-
دۇ. مەرھۇمنىڭ ئادا قىلالمىغان نامازلىرىنى جامائەتتىن
بەش ناماز كىشىلەرنىڭ تولۇقلاپ ئۆتەپ بېرىشى ئۈچۈن
مۇۋاپىق ھەق بېرىدۇ. رازى-
لىق دۇئادىن كېيىن مېيىتنىڭ
نامىزى چۈشۈرۈلىدۇ، ناماز
چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن يۇرت
ئىچىدىكى دىنىي ساھەدىكى
ئابرۇيى بار تۆت كىشى مېيىت-
نى يەرلىككە قويىدۇ. بۇنىڭ
ئىچىدە ئىككى ئادەم مېيىتنى
پوتا بىلەن باغلاپ سۇنۇپ بې-
رىدۇ، ئىككى ئادەم كۆتۈ-
رۈپ يەرلىككە قويىدۇ. يەر-
لىككە قويغاندا مېيىتنى لەھەت-
كە ئېلىپ بارغۇچە يۈزىنى
قىبلىگە قارىتىپ ئاياغ تەرىپى-
دىن لەھەتكە كىرگۈزىدۇ. مې-
يىتنىڭ ئوڭ قولىنى باستۇرۇپ



قىبلىگە قارىتىپ يېنىچە ياتقۇزۇلىدۇ، بەدىنىدىكى چىگىش-
لەرنى يېشىپ لەھەتنىڭ ئاغزىنى كېسەك بىلەن يېپىپ قويى-
دۇ. مېيىتنى لەھەت ئىچىگە قويغاندىن كېيىن جامائەت ئى-
چىدە بىر نەچچەيلەن يەرلىك كولىغاندا چىققان توپىنى بىر
نەچچە پەتنۇسقا ئېلىپ جامائەتكە تارقىتىدۇ، ئاندىن جاما-
ئەت پەتنۇستىكى توپىدىن بىر سىقىمدىن ئېلىپ، ئەلھەمدۇ
ۋە ئۆزى بىلىدىغان ئايەتنى ئوقۇپ سۈھ قىلىپ بولغاندىن
كېيىن ئوقۇپ بولغان توپىنى ئايرىم يىغىۋالدىغانلارنىڭ
پەتنۇسىغا تۆكىدۇ. ئوقۇپ بولغان پەتنۇستىكى توپىنى مې-
يىتنىڭ ئاخىرەتلىك كىيىمىنىڭ ئۈستىگە سېپىدۇ، ئاندىن
ئۆلگۈچىنىڭ ئەڭ چوڭ ئوغلى يەتتە كەتمەن توپا تارتىپ
بولۇپ، كەتمەننى باشقىلارغا بېرىدۇ. بىر نەچچە ئوغلى
بولسا نۆۋەتلىشىپ تاشلايدۇ. ئوغلى بولمىسا كۈيئوغلى
ۋە باشقا يېقىن تۇغقانلىرى توپا تارتىدۇ. توپا تارتىشقا
باشلىغان هامان قارىلاردىن بىرەيلەن سۈرە تابارەكنى
ئوقۇپ دۇئا قىلىدۇ. قارىلار بىر نەچچەيلەن بولسا نۆۋەتلى-
شىپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىدۇ، بۇ تاكى مېيىتنى دەپنە قىلىپ
بولغىچە داۋاملىشىدۇ. ئاندىن پۈتۈن جامائەت مېيىت
ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ. يەرلىككە قويغان ئاخۇنۇم ۋە دۇئا-
تىلاۋەت قىلغان ئىمام ۋە قارىلارغا هازىدارلارنىڭ تۇغقان-
لىرى رەھمىتىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن 20 يۈەندىن 30
يۈەنگىچە پۇل تارقىتىدۇ. نامازغا قاتناشقان پۈتۈن جامائەت-
كە هۆل مېۋە ۋە قەنت، پۇل تارقىتىدۇ، مېيىتقا قاتناشقان
هەر بىر كىشىگە بىر يۈەندىن پۇل تارقىتىدۇ، ئىقتىسادى
ياخشىلار بەش يۈەندىن ئون يۈەنگىچە تارقىتىدۇ.

**5. مېيىت ئۇزىتىلغاندىن كېيىن قولۇم-قوشنىلار-**
**نىڭ مېيىت ئىگىلىرىگە بېرىدىغان ياردەملىرى**

1) مېيىتنى ئۇزىتىشتىن ئىلگىرى قولۇم-قوشنىلار
مېيىت ئىگىلىرىنىڭ ئاخىرەتلىك نەرسىلىرىنى تەييارلاش،
يەنى تارقىتىدىغان ئاق ياغلىق ۋە مېيىتنى يۆگەيدىغان كې-
پەنلىكلەرنى تەييارلاشقا ياردەملىشىدۇ. ئەر قوشنىلار مې-
يىتنى ئۇزاتقاندا تارقىتىدىغان پۇللارنى پارچىلاش، يەرلىك-
نى تەييارلاش ئىشلىرىغا ياردەملىشىدۇ. ئاياللار بولسا
مېيىت ئائىلىسىنىڭ تازىلىق ئىشلىرىنىڭ پاكىز بولۇشىغا
ياردەملىشىدۇ. بەزىلىرى ئۈچرىشىپ كەلگەن ئاياللارنىڭ
بېشىغا ئاق ياغلىق سالىدۇ. بەزى ئايال قوشنىلار مېيىت
چىققان ئائىلىدىكىلەرگە ۋە مېيىتنىڭ يىراقتىكى تۇغقانلىرىغا
ئائىلىسىدە تاماق تەييارلاپ، ئۆزىنىڭ ياردەم قولىنى سۇ-
نىدۇ.

2) مېيىت ئۇزىتىلغاندىن كېيىن قولۇم-قوشنىلار ها-
زىدارلار بىلەن ئۈچرىشىپ كەلگەن ئەر-ئاياللارغا چاشكا
تارقىتىدۇ. بۇ رايوندا چاشكا مېيىت ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسا-
دىي ئەھۋالىغا ئاساسەن تەييارلىنىدۇ. ئىقتىسادىي ياخشى
ئائىلىلەر چىلان، كەمپۈت، خورما، سەرەڭگە، يىپ، قاتار-
لىق نەرسىلەرنى چاشكا قىلىپ تارقىتىدۇ. ئىقتىسادىي ئەھ-
ۋالى بىر قەدەر ياخشىلار خۇاسىڭ، سەرەڭگە، قەنت قاتار-
لىق نەرسىلەرنى پەتنۇسلارغا تەييارلايدۇ. ئۈچرىشىپ
كەلگەنلەرگە پەتنۇستىكى چاشكىلىق سۇنۇلىدۇ، ئۈچرى-
شىپ كەلگەنلەر ئۆزلىرى چاشكىنى تاللاپ ئېلىۋالىدۇ.
مېيىت ئۇزىتىلىپ 1-كۈندىن 7-كۈنگىچە قولۇم-
قوشنىلار مېيىت چىققان ئائىلىلەرگە تاماق سۇنىدۇ.

قولۇم-قوشنىلار مېيىتنىڭ ئۈچ نەزىرى ۋە يەتتە نە-
زىرىگە تەييارلىق قىلىشىپ بېرىدۇ ۋە يەتتە نەزىرىگە ئۆل-
گۈرتۈپ هازىدارلارنىڭ ئۈستىبېشىنى يۆتكەيدۇ. دېمەك،
قولۇم-قوشنىلار مېيىتنى ئۇزىتىش ۋە نەزىردىن كېيىنكى
يىغىشتۇرۇش ئىشلىرىغا يېقىندىن ياردەملىشىپ، ئۆزلىرى-
نىڭ مېھىر-مۇھەببىتىنى يەتكۈزىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىر
يۇرتتىكى قولۇم-قوشنىلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ئىل-
گىرى سۈرۈلىدۇ.

**6. مېيىت ئۇزىتىلغاندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدىغان**
**نەزىرلەر**

1) مېيىت چىقىرىلىپ 3-كۈنى ئۈچ نەزىر بېرىلىدۇ.
ئۈچ نەزىر بامدات نامىزىدىن يانغان جامائەت ۋە قولۇم-
قوشنىلارنى ۋە مېيىتنى يۇيۇشقا قاتناشقان ۋە باشقا
خىزمەت قىلغانلارنى ئاساس قىلغان هالدا ئاددىي ئۆتكۈ-
زۈپ بېرىلىدۇ، تاماق تارتىلغاندىن كېيىن جامائەتتىن بى-
رەيلەن ئىمام ياكى مەزىن قىرائەت قىلىپ ئايەت ئوقۇيدۇ.

2) مېيىتنى سۇغا ئالغۇچىلارغا بىر كىيىملىك رەخت،
20ـ 50 يۈەن ئەتراپىدا پۇل بېرىپ رازى قىلىدۇ.

3) تۆگلۈكتە ئايەت ئوقۇغان قارىنىڭ هەر بىرىگە
بىر كىيىملىك رەخت ياكى ئەھۋالىغا قاراپ 30 ـ 50 يۈەن-
گىچە پۇل بېرىپ رازى قىلىدۇ.

4) ناماز چۈشۈرۈپ بەرگەن ئادەمگە 30 ـ 50
يۈەنگىچە پۇل بېرىپ رازى قىلىدۇ ياكى بولمىسا ئەھۋال-
غا قاراپ بىر كىيىملىك رەخت بېرىدۇ.

5) يەرلىك قويغان ئادەملەرگە مېيىتنى باغلىغان ئاق

پوتىلىق رەختنى ۋە 30 ـ 50 يۈەنگىچە پۇل بېرىدۇ.

6) يەرلىك قازغان ئادەملەرگە 100ـ 150 يۈەن ئەتراپىدا پۇل بېرىدۇ. بەزى گۆر قازغۇچىلار قوشنىدارچىلىق، تۇغقاندارچىلىق ھەققى دەپ يەرلىكنى خالىس قازىدۇ، ئەگەر ئۆلگۈچى، كەمبەغەل، يېتىم- يېسىر، مۇساپىر بولسا ئۇلارغا مېيىت ئۈچۈن ياردەم قىلغانلار ھەق ئالمايدۇ.

7) مېيىت ئۈزۈلۈپ 7- كۈنى ئۇنىڭ ۋارىسلىرى مەخسۇس تەييارلىق قىلىپ يۇرت- جامائەتنى چاقىرىپ نەزىر ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. نەزىرگە پەقەت ئەر جامائەتلەرلا چاقىرىلىدۇ. نەزىرگە قاتناشقۇچىلارغا ئالدى بىلەن بىر چىنە قاق سۇيىدىن تەييارلانغان شەربەت قويۇلىدۇ. ئاندىن كېيىن داستىخان سېلىنىپ پولۇ تارتىلىدۇ.

8) يەتتە نەزىردىن كېيىن ئاياللار بېشىدىكى ئاق ياغلىقنى ئېلىپ، قارا ياغلىق سالىدۇ. ئىلگىرى ئاياللار 40 كۈنگىچە ئاق ياغلىق سالاتتى. ھازىر يەتتە نەزىردىن كېيىن ئاق ياغلىقنى ئېلىۋېتىدىغان ئادەت شەكىللەندى. ئاز ساندىكى مېيىتنىڭ قىز پەرزەنتلىرى ۋە ئاياللىرى 40 كۈنگىچە ئاق ياغلىقنى ئالماي سالىدۇ. ئەرلەر يەتتە نەزىردىن كېيىن ساقال- بۇرۇتلىرىنى ئالىدۇ. ھازىردارلار 40 كۈنگىچە ئۆيۈن- كۈلكىدىن قاتتىق ساقلىنىدۇ، توي- تۆكۈنگە بارمايدۇ. مېيىت چىققان ئۆيدىكىلەر ئادەتتە بىر يىلغىچە توي- تۆكۈنگە بارمايدۇ، مېيىت چىققان ئۆيدە ئادەتتە بىر يىلغىچە توي- تۆكۈن مۇراسىم ئۆتكۈزۈلمەيدۇ، شۇ ئائىلىدىكىلەر رەڭدار كىيىملەرنى كىيىشتىن ساقلىنىدۇ.

**7. يەرلىكنى تاللاش ئۇسۇللىرى**

كان رايونىدىكى كىشىلەر شىنجاڭنىڭ قەشقەر، خوتەن، يەكەن قاتارلىق جايلىرىدىن كەلگەن بولغاچقا، قومۇل رايونىدىن باشقا جايدىن كەلگەن كىشىلەر ئاساسەن كان رايونىدىكى بېكىتىلگەن يەرلىككە قويۇلىدۇ، قومۇل رايونىدىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ يۇرت- مەھەللىدىكى يەرلىكلەرنى ئالدىن ئىگىلەپ سېتىۋالغاچقا شۇ سېتىۋالغان يەرلىكلىرىگە قويۇلىدۇ.

ئېغىر كېسەللەرنىڭ يەرلىكلىرى شۇ كىشىلەرنىڭ تەلىپى بويىچە ئۆز يۇرتى ۋە ئۆزى خالىغان جايدىن تاللاپ، يەرلىك تەييارلاپ قويۇلىدۇ.

كان قۇدۇقى يېقىن جايلار، ئورمانلىق ۋە تېگىدىن سۇ چىقىپ قالىدىغان جايلار ۋە چوڭ يولغا تولغا كېلىپ قالىدىغان جايلار يەرلىك قىلىپ تاللانمايدۇ. كان رايونىدىكى بىر تۇغقان قېرىنداشلار بىر جەمەتتىكى كىشىلەر كان رايونىدىكى بەلگىلەنگەن يەرلىكنىڭ بىر جايىدىن ئورۇن ئېلىپ قويىدۇ.

**8. نەزىرلەرنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشىدىكى ئۆزگىرىشلەر**

كان رايونىدا ئىلگىرى مېيىتنىڭ يەتتە نەزىرى قومۇل رايونىغا ئوخشاش پۈتۈن ئەل- جامائەتكە باغاق يېزىپ چاقىرىپ، كەڭ كۆلەمدە مەرىكە زالىدا ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈلەتتى. ئەرلەر بىلەن ئاياللارغا بىر كۈندە ئايرىم ۋاقىت بەلگىلەپ نەزىر بېرىلەتتى. ئاياللار داستىخان تەييارلاپ رەخت ياكى پۇل بىلەن مېيىت ئىگىلىرىنى يوقلاپ ئۆز كۆڭۈللىرىنى بىلدۈرەتتى؛ مېيىتنىڭ ھەر بىر پەرزەنتى ۋە قېرىنداشلىرى ئايرىم- ئايرىم نەزىر ئۆتكۈزەتتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كان رايونىدىكى مۆتىۋەرلەرنىڭ نەزىرلەرنى ئاددىي- ساددا ئۆتكۈزۈش، ئىسراپچىلىقتىن ساقلىنىش توغرىسىدىكى تەشۋىق- تەربىيەلەرنىڭ تەسىرىدە نەزىر ئۆتكۈزۈش شەكلىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، نەزىرلەرنى ئاددىي- ساددا ئۆتكۈزىدىغان ياخشى كەيپىيات بارلىققا كەلدى.

مېيىتنىڭ يەتتە نەزىرىنى بەرگۈچىلەر پەقەت پېشىندىن يانغان جامائەتنى چاقىرىپلا نەزىر بېرىپلا ئاياللارنى چاقىرمايدىغان بولدى.

ئائىلە ئىقتىسادى ياخشى ئائىلە تاۋابىئاتلار مېيىتنىڭ نەزىرى ئۈچۈن ئاتىغان پۇللىرىنى قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا ئىئانە قىلىدىغان، مەسچىتلەرگە گىلەم سېلىپ قويىدىغان، تۇل خوتۇن، يېتىم بالىلارغا پۇل ياكى كىيىم- كېچەك ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارغا ئىللىقلىق يەتكۈزىدىغان ياخشى ئىشلار بارلىققا كەلدى.

بەزى ئائىلىلەردە نەزىرنى جامائەتنى يەتتە ئادەمنى چاقىرىپ، ئۆيىدە مەۋلۇت شېرىپ ئوقۇتۇپ، ئاددىي ئۆتكۈزىدىغان بولدى.

نەزىرلەرنىڭ ئاددىي ئۆتكۈزۈلۈشى نەزىر ئۆتكۈزگۈچىلەرنىڭ ئىقتىسادىي بېسىمىنى يەڭگىللىتىش بىلەن بىللە، نەزىرگە قاتناشقۇچىلارنىڭ زىيادە ئاۋارىچىلىكىنى تۆگىتىپ، ۋاقىتنى تېجەش، خىزمەت جىددىيچىلىكىنى پەسەيتىش، شۇنداقلا كېيىنكىلەرگە ئاددىي- ساددا ياشاپ، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش جەھەتتە ئىجابىي تەسىر بېرىدىغان ياخشى مۇھىت شەكىللەندۈردى.

(ئاپتور: قومۇل شەھەرلىك تارانچى 1- ئوتتۇرا مەكتەپتە)




مۇھەممەت ئىمىن

## مۇدۇرۇپ كەتكەن ئات

ئوڭغۇل-دوڭغۇل، خەتەرلىك چىغىر يولنى بىخەتەر بېسىپ ئۆتكەن ئات تۈپتۈز چوڭ يولغا كەلگەندە بىر يېپىق ئورىغا دەسسىۋېلىپ پۇتىنى سۇندۇرۇۋالدى.

— ھەي، — دېدى ئات زىڭىلداپ ئاغرىۋاتقان پۇتىغا قاراپ ئۆكۈنۈپ، — تۈپتۈز چوڭ يولدىمۇ ئورا بولامدىكەن دەپ بىپەرۋالىق قىلمىغان بولسام ھەرگىز ناكا بولمىغان بولاتتىم!

## قوزىچاقنىڭ تەقدىرى

تەھدىت بىلەن ئىشىكنى ئاچقۇزالمىغان بۆرە ئاخىر ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىشكە باشلىدى:

— باياتىنقى گەپلىرىمنىڭ ھەممىسى چاقچاق، قوزىچاقلىرىم، قورقماي ئىشىكنى ئېچىڭلار! مەن باشقا بۆرىلەرگە ئوخشىمايمەن، ئەزەلدىن قوي-قوزىلار بىلەن ئىناق ئۆتۈپ كېلىۋاتىمەن، ئىشەنمىسەڭلار ئاناڭلاردىن سوراپ بېقىڭلار!

— ئالداۋاتىسەن! — دېدى قورقىنىدىن لاغىلداپ تىترەۋاتقان قارىباش قوزىچاق يىغا ئارىلاش، — ئانىمىز بىزگە: «جاھاندا قوي يېمەيدىغان بۆرە يوق» دېگەن، ئانىمىز كەلمىگىچە ئىشىكنى ھەرگىز ئاچمايمىز!

— ھەممە نەرسە بىر خىل بولمايدۇ-دە! بۆرىنىڭمۇ ياخشى-يامىنى بولىدۇ. مەن دېگەن ياخشى بۆرە، بولمىسا ھايۋاناتلار دۇنياسىغا پادىشاھ بولامتىم؟

— پادىشاھ دېگەن شىر، سەن قاچاندىن بېرى پادىشاھ بولۇۋالدىڭ؟

— شۇنچىلا چوڭ ئىشتىنمۇ خەۋىرىڭلار يوقمۇ تېخى؟ — دېدى بۆرە ھەيران بولغان قىياپەتتە، — شىر ئاجىزلارنى خالىغىنىچە بوزەك قىلىپ، بىگۇناھ ھايۋانلارنىڭ





قېنىنى ھەددىدىن زىيادە كۆپ تۆكۈپ، كەچۈرگۈسىز جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن پادىشاھلىقتىن قالدۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئورنىغا ھەممەيلەن بىردەك مېنى سايلاشتى.

— ئەمىسە، پادىشاھلىقىڭنى قىلساڭ بولمامدۇ؟ بۇ يەرگە كېلىپ نېمە ئىش قىلىسەن؟

— سىلەر تېخى بىلمەيسىلەر، — دېدى بۆرە ئاۋازىنى ئىمكان قەدەر سەمىمىي، مۇلايىم چىقىرىشقا تىرىشىپ — ئاناڭلارنى ئوردامغا باش مىرزا قىلاي دەپ بىر پەرمان يېزىپ بېقىشنى تاپىلىغانىدىم. بايا يولدا ئۇچرىشىپ قېلىپ سورىسام، ئۇنى يېزىپ پۈتتۈرۈپ تامنىڭ كامىرىغا تىقىپ قويغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ بەك مۇھىم نەرسە، ھازىرلا ئېلىپ كەتمىسەم بولمايدۇ.

— ئانام كەلگەندە ئۆزىدىن ئال، بىز ئۇقمايمىز! — دېدى چېپار قوزا غەزەپ بىلەن.

— ئاناڭلارنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك شۇنچە چوڭ ئىشقا بۇنداق سەل قارىماڭلار! — دېدى بۆرە تاقەتسىزلىكىنى زورىغا بېسىپ، — بۇ ئەمەلگە كۆز تىكىپ تۇغانلار ئاز دەمسىلەر؟ باش مىرزىلىق تەگمىسىمۇ خەتتاتلىق بولسىمۇ تېگىپ قالارمىكىن دەپ قانچىلارنىڭ قانچە كۆپ پارا بەرگەنلىكىنى، قانچىلارنىڭ قانچە كۆپ سوۋغا-سالام ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ھەرقانچە چۈشەندۈرسەممۇ تەسەۋۋۇر قىلالمىغىنىڭلار قېيىن. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ مەن باشقا ھېچكىمگە كۆز قىرىمنى سالماي، باش مىرزىلىققا يەنىلا ئاناڭلارنى تاللىۋالدىم. چۈنكى ئۇ ياۋاش، سەمىمىي، ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىشنى، سۈيىقەست قىلىشنى بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ باش مىرزا بولۇشى سىلەر ئۈچۈنمۇ چوڭ ئامەت ئەمەسمۇ! يوقسۇزلۇق دەردىدىن، غەم-غۇسسىدىن بىراقلا قۇتۇلۇپ، بىر ئۆمۈر راھەت-پارا-

غەتتە ئۆتسىلەر! ھەر ھالدا ئويلاپ بېقىپراق، ئاناڭلارنىڭ رىزقىغىمۇ، ئۆزۈڭلارنىڭ بەختىگىمۇ ئولتۇرماي بىر ئىش قىلغىنىڭلار ياخشى!

— ئۇنداقتا... — قارىباش قوزىچاق ئىككىلىنىپ قالدى.

— ھە، ئۆزۈڭ خېلى ئەقىللىق كۆرۈنىسەن، — دېدى بۆرە ياغلىما سۆزلىرىنىڭ ئۈنۈم بېرىۋاتقانلىقىدىن روھلىنىپ، — ھازىر زادى ئېلىپ كەتمىسەم بولمايدىغان ھېلىقى پەرمان چوڭ-چوڭ ئىشلارغا بېرىپ تاقالغاچقا، ئىشىكنى ئېچىپ بەرسەڭ قالتىس چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن بولىسەن، خالىساڭ ئۆزۈڭگە ۋەزىر قىلىۋالىمەن!

— ۋەزىر؟ — قارىباش قوزىچاق ئىشەنمەيرەك قايتىلاپ سورىدى.

— ھەئە، ۋەزىر! — بۆرىنىڭ ئاۋازى قەتئىي ئىدى، — ھازىرغىچە كۆڭلۈمگە ياققۇدەك بىرەرسىنى ئۇچرىتالمىغاچقا، ۋەزىرلىككە كىمنى قويسام بولار دەپ بېشىم قېتىپ تۇراتتى. قارىسام، «بۇرۇن چىققان قۇلاقتىن كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئېشىپ كېتىپتۇ» دېگەندەك پەم-پاراسەتتە ئاناڭدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىكەنسەن، شۇڭا سېنى تاللىغۇم كېلىۋاتىدۇ!

— راستمۇ؟

— ئەزبىرايى راست! — بۆرىنىڭ ئاۋازى ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى، — ۋىجدانىم بىلەن قەسەم ئىچىمەن! يالغان گەپ قىلسام ئېغىزىم كۆيۈپ كەتسۇن!

— يالغان! ھەممىسى يالغان! — چىپار قوزىچاق ئۆزىنى باسالماي ۋارقىرىۋەتتى، — قوزا گۆشىنىڭ مەززىلىك ھىدى ئاشۇ يالغان-ياۋىداق سۆزلەرنى توقۇپ چىقىشىڭغا سەۋەبچى بولۇۋاتقاندۇ، ھەقاچان!

— نەدىكى گەپ؟ — دېدى بۆرە ئاچچىقلىغان بولۇپ، — تازىمۇ غەرەز ئۇقمايدىغان بىر نېمە ئىكەنسەن. شۇنچە چۈشەندۈرسەممۇ قارىباش قوزىچاق چۈشەنگەننىڭ يۈزدىن بىرىنىمۇ چۈشەنمەيسەن! مەندەك ئادىل پادىشاھنىڭ ئۆز پۇقرالىرىنى يېگىنىنى نەدە كۆرگەن؟! گەپنىڭ قىسقىسى، مەن شىر بىلەن تەقدىرداش بولۇپ قېلىشنى خالىمايمەن! ئاچلىقتىن ئۆلسەم ئۆلىمەنكى، ئۇ ئۆتكۈزگەن گۇناھنى تەكرارلىمايمەن!

— ھەي، قويساڭچۇ! — دېدى قارىباش قوزىچاق چىپار قوزىنى ئەيىبلەپ، — شۇنچە سەممىي گەپ قىلىۋاتقان بىرسىگە بۇنچىلا ئىشەنمەي كەتسەك سەت ئەمەسمۇ! بولدى، ئىشىكنى سەن ئاچمىساڭ مەن ئاچاي!

— ھەببەللى! ھەببەللى! مىڭ قىلسا ئەقىللىقنىڭ ئىشى ئەقىللىقچە بولىدىكەن جۇمۇ! — قارىباش قوزىچاقنىڭ گېپىدىن روھلىنىپ كەتكەن بۆرە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي چاۋاك چېلىۋەتتى. — بۇنداق ئەپلىك پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويما، قارىباش قوزىچاق! ۋەزىرلىك دېگەن ئاسان قولغا كېلىدىغان ئەمەل ئەمەس!

— ئىشىكنى ئېچىپ بەرسەم راستىنلا ھېچقايسىمىزغا چېقىلمامسەن؟ — بۇ قارىباش قوزىچاقنىڭ ئاخىرقى سوئالى ئىدى.

— گېپىم گەپ! — دېدى بۆرە مەيدىسىگە مۇشتلاپ قەسەم قىلىپ، — ساڭا ۋەزىرلىكنى بەرگىنىم بەرگەن. تۇغقانلىرىڭغىمۇ قانداق ئەمەل دېسە بېرىمەن. سىلەرگە چېقىلىشنى خىيالىمغا كەلتۈرۈپمۇ قويغىنىم يوق، قالغىنىنى ئەمەلىيەتتە كۆرۈڭلار!

قارىباش قوزىچاق ئۆزىنىڭ قولىغا چىڭ ئېسىلىۋالغان چىپار قوزىنى ئىتتىرىۋېتىپ، ئىشىككە تىرەپ قويۇلغان دەمنى ئېلىۋەتتى.

ئىشىكنىڭ ھاڭگىيا ئېچىلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرمايلا ئۆزىنى ئۇرۇپ كىرىپ كەلگەن بۆرە ئاۋۋال چىپار قوزىچاقنىڭ گېلىدىن ئېلىپ يەرگە ئۇردى.

— نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟! — قارىباش قوزىچاق قورقۇنچ ئىچىدە چىرقىراپ تاشلىدى، — بەرگەن ۋەدەڭ قېنى؟! ھۇ قارا يۈز!

— تولا كاپشىما! — دېدى بۆرە چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، — كۆرسەتكەن خىزمىتىڭنىڭ يۈزىنى قىلىپ ئاۋۋال ساڭا تەگمىسەم-زە، خۇددۇڭنى بىلمەي قالدىڭمۇ؟ ئالدىرىماي تۇر، ھازىرچە چىپار قوزا بىلەن قورسىقىمنى توقلاپ تۇراي، سەن ئەتە ئەتىگەنلىككە ناشتىلىققا ياراپ قالارسەن!

### تۈلكە بىلەن قاپقان

— ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەزەلدىن ئاداۋەت يوق تۇرسا، — دېدى قاپقانغا دەسسىۋالغان تۈلكە زارلىنىپ، — نېمە ئۈچۈن پۇتۇمنى قىسىۋالىسەن؟ مەن ساڭا زادى نېمە يامانلىق قىلغان؟

— بۇنى مېنى قۇرغان ئىگەمدىن سورا، — دېدى قاپقان، تۈلكىنىڭ پۇتىنى تېخىمۇ چىڭ قىسىپ، — ئېھتىمال ئۇنىڭ تۈلكە ياقىلىق جۇۋا كىيگۈسى كېلىپ قالغاندۇ ياكى سېنىڭ توخۇ ئوغرىلىغانلىقىڭنى بىلىپ قېلىپ، ئەدىۋىڭنى بېرىپ قوياي دېگەندۇ؟ ئىشقىلىپ، بۇنىڭ سەۋەبى ھەممىدىن بەكرەك ئۆزۈڭگە ئايان دەيمەن.

تۈلكە لام-جىم دېيەلمەي ئېغىر خورسىنىپ قويدى-دە، بېشىنى تۆۋەن سالدى.

1982-يىل 8-ئاي، بېيجىڭ

(ئاپتور: مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدا)



# ئۇيغۇر بىناكارلىقىدا تۈگۈلۈك

ئابدۇقەييۇم مىجىت



## 1. كىرىش

ئۇيغۇر مىللىي بىناكارلىقىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتى روشەن ئەكس ئېتىدۇ. ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئېكولوگىيەسى بىلەن بىۋاستە ۋە زىچ مۇناسىۋىتى بار. ئۇيغۇرلار بىناكارلىق ئىشلىرىدا ئېكولوگىيەلىك مۇھىت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ناھايىتى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي-ئىمارەتلىرى ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا ماسلىشىش، ئۇيغۇنلىشىش ئاساسىدا ياسالغان. ئۇيغۇر بىناكارلىق فولكلورىدىكى ئېكولوگىيە مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن بىناكارلىق مۇھىتىدىكى ئېكولوگىيە كونتېكستى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىدىكى ئېكولوگىيە يۈزلىنىشى، قۇرۇلۇشنىڭ جايلىشىشىدىكى ئېكولوگىيە ئۇقۇمى، ئۆي-ئىمارەتلەرنى زىننەتلەشتىكى ئېكولوگىيەلىك قىزىقىشتىن ئىبارەت تۆت تەرەپنى چوڭقۇر كۆزىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بىناكارلىقتىكى كونتېكست ئىمارەت بىلەن مۇھىت ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر بىناكارلىقى مۇھىتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ كونتېكستى ئاساسلىق ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ مۇھىتقا ماسلىشىش، كىچىك مۇھىتنى ئۆزگەرتىش، ئىچكى مۇھىتنى لايىھەلەش، تاشقى مۇھىتنى ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت تۆت تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ. چوڭ مۇھىت بىلەن كىچىك مۇھىت، ئىچكى مۇھىت بىلەن تاشقى مۇھىت ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولۇپ، بىر-بىرىگە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدۇ. چوڭ مۇھىتقا ماسلىشىش ئاساسلىقى ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ پەيدا بولۇش، ئۆزگىرىشىنىڭ تەبىئىي مۇھىتنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىدا، ئىجتىمائىي مۇھىت، سەنئەت مۇھىتى، ئىقتىساد ۋە تېخنىكا قاتارلىق ئامىللارنىڭ چەكلىشىدە ئىپادىلىنىدۇ. تەبىئىي مۇھىت بىناكارلىققا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. شىنجاڭ تىپىك قۇرغاق رايون بولۇپ قىش بىلەن يازنىڭ پەرقى چوڭ. بۇ ئۆي-ئىمارەتلەرنىڭ سوغۇققا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن، ئالتاي، ئىلى تەرەپلەردە ئورمان بايلىقى

كۆپ بولغانلىقتىن ياغاچ قۇرۇلمىلىق تۇرالغۇلار، تۇرپان
رايونىدا تـوپا قۇرۇلمىلىق تـۇرالغۇلار، خـوتەن قـاتارلىق
جايلاردا تـوپا ـ يـاغاچ ئـارىلاش بـولغان (ۋادەك) ئـايۋان
شەكلىدىكى تۇرالغۇلار كۆپ. ئۇيغۇر مىللىي بىناكارلىقىنىڭ
كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى چۈشەنچىمىز چوڭقۇرلاشقانسېرى
ئۇيغۇرلار ياشىغان تەبىئىي مۇھىت ۋە شۇ ئاساستا شەكىلـ
لـەنگەن ئـېستېتىك ئـاڭنىڭ ئـۇيغۇر بـىناكارلىقىغا نـەقەدەر
چوڭقۇر تەسىرلەرنى كۆرسەتكەنلىكىنى ھېس قـىلالايمىز.
ئىنسانشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، ئىنسانىيەت تـارىخىدا بـىناـ
كارلىقنىڭ شـەكىللىنىشىدە تـام نـاھايىتى مۇھىم رولـلارنى
ئوينىغان، ئىنسانلار تامغا بولغان ئـېھتىياج ۋە تـام قوپۇـ
رۇش ئـارزۇسى پـەيدا بـولغانلىقتىن، ئـىنسانلار تـەبىئەتكە
كەسكىنلىك ۋە دادىللىق بىلەن «يـاق» دېيـەلىدى ھـەمدە
بۇ ئادەملەر بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى بىر ھالـ (ئاـ
رىلىق)نىڭ چوڭىيىشىنىڭ بىر ياخشى قەدىمى بولدى. ئـىنـ
سـانشۇناس يـى جۇڭتيەن «سـەنئەت ئـىنسانشۇناسلىقى»
ناملىق ئـەسىرىدە «تـامغا تـايىنىش، بـىناكارلىق ئـارقىلىق
بوشلۇقنى ئـايرىشنى رېئـاللىققا ئـايلاندۇردى. شـۇنىڭدىن
سۈنئىي بوشلۇق بىلەن تەبىئىي بوشلۇق ئايرىلدى. شۇنداـ
قلا ئادەملەر دۇنياسى بـىلەن غـەيرىي ئـادەملەر دۇنيـاسى
ئايرىلدى»①. « پەقەت ئىنسانلار تـەبىئىي مـاددىلاردىن
پايدىلىنىپ تۈزلەڭلىكتە ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ پـاناھلىنىشقا
باشلىغان، خەۋپ ـ خەتەرلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئىنتىلـ
گەن ۋاقىتتا، ئاندىن بىناكارلىق ئۆزىنىڭ مۇساپىسىنى باشـ
لىغان. مۇشۇ مـەنىدىن ئـېلىپ ئـېيتقاندا، بـىز بـىناكارلىقنى
تـامنىڭ يـاسىلىشى بـىلەن بـاشلانغان دەپ قـارايمىز. بـىر
ياكى بىر توپ ئـېپتىدائىي ئـىنسانلار تـاشلارنى دۆۋىلـەپ
ياكى دەرەخلەرنىڭ شاخ ـ شۇمبىلىرى بىلەن تام قوپۇرغان
ۋاقىتتا، ئـەڭ ئـېپتىدائىي بـىناكارلىقمۇ ۋۇجـۇدقا كـەلگەن.
شۇڭا بـىناكارلىقنىڭ ئـەڭ چوڭقۇر ئـىجتىمائىي مـەزمۇنى،
مـەدەنىيەت ۋە پـسىخىك مـەزمۇنى ــ ‹ئـائىلە› ئـۇقۇمى
تامنىڭ قوپۇرۇلۇشىدىن كەلگەن. بىناكارلىقنىڭ ئەڭ ئاساـ
سىي ئـېستېتىك شـەكلى شۇبھىسىزكى ئـەڭ ئـالدى بـىلەن
تامنىڭ شەكلىدۇر»② دەيدۇ. گەرچە ئىنسانلار تام ئـارـ
قىلىق تەبىئەت دۇنيـاسىدىن ئـۆزىنىڭ سۈنئىي دۇنيـاسىنى
ئايرىپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن تەبىئەتنىڭ نېئمىتى بولغان
نۇر، ساپ ھاۋادىن ھەر دەقىقە ئايرىلالمايتتى. ئـىنسانلارـ
دىكى نۇرغا بولغان تەشنالىق، ساپ ھاۋادىن نـەپەسلىنىشـ
كە بولغان تەبىئىي ئىنتىلىشىنىڭ تۈرتكىسىدە بىناكارلىق قۇـ
رۇلمىلىرىدا تۈڭلۈك ۋە دېرىزىلەر پەيدا بولدى. فولكلور
تەتقىقاتچىسى ئـابدۇكېرىم رەھمـان: «قـەشقەر بـىناكارلىق
مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابىدا: «ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بىناكارـ
لىق ئىمارەتلىرىدە يەنە ئالاھىدە ياسىلىدىغان ئىككى خىل
ھۈنەر بـار، ئـۇنىڭ بـىرى، ئـۆي ئـىچىدىكى مورا؛ يـەنە
بىرى، ھەرقايسى ئۆيلەرنىڭ ئۈستىگە ئېچىلغان تـۈڭلۈك»
③. بۇ ماقالىمىزدە ئاشۇ «ئـالاھىدە يـاسىلىدىغان ئـىككى
خىل ھۈنەر» بىرى بولغان تۈڭلۈك، ئـۇنىڭ بـىناكارلىقتا
پەيدا بولۇشى، يـاسىلىشى، رولـى، ئـۇنىڭغا مـۇناسىۋەتلىك
ئىرىم، جورۇق، ئادەتلەر، مەدەنىيەت قاتلىمى، تـۈڭلۈككە
ئالاقىدار مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ ئۆزگىرىشى تەتقىق قـىـ
لىنىدۇ.

## 2. تۈڭلۈك

تۈڭلۈك ــ «كۈن نۇرى چۈشۈش ۋە ھاۋا ئالماشتۇـ
رۇش ئـۈچۈن، ئۆينىڭ تورۇسىدىن ئېچىلغان تـۆشۈك»④.
ئۇ ئۆينىڭ تـورۇسىنىڭ (ئـۆگزىسىنىڭ) ئـوتتۇرىسىغا يـاكى
ئىشىككە يېقىن ئارىلىققا ئېچىلىدۇ. تـۈڭلۈك ئـۇيغۇر بـىناـ
كارلىقىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرىدىن بـىرى ھېسابلىنىـ
دۇ. ئۇيغۇرلاردا «مېھمانخانا ئۆيدىن باشقا. ئۆيلەرگە ئـاـ
ساسەن دېرىزە قويۇلماي ئۈستىدىن تۈڭلۈك قويۇلىدۇ»⑤.
تۈڭلۈك ئۆينىڭ چوڭ ـ كـىچىكلىكىگە ئـاساسەن مۇۋاپىق
چوڭلۇقتا يۇمىلاق ياكى چاسا ھالەتلەردە بولىدۇ. تـۈڭلۈـ
كى بار ئۆيلەر «تۈڭلۈكلۈك ئۆي» دەپ ئاتىلىدۇ. «ئەجـ
دادلىرىمىز ئـۇزاق مۇددەتلىك تـۇرمۇش ئـەمەلىيىتى ۋە
تەجرىبىسىگە ئاساسەن، ئۆينىڭ ئـوتتۇرىسى يـاكى ئـاراچـ
ىنىڭ ئۇدۇلىنى ئاساس قىلىپ تـۈڭلۈك ئـورنىتىپ، قۇياش
نۇرىنى ئۆي ئىچىگە بىۋاسىتە چۈشۈرۈش ئـارقىلىق ئـۆي
ئىچىنىڭ يورۇق، ھاۋاسىنىڭ ساپ، تەبىئىي بولۇشىغا كاپاـ
لەتلىك قىلغان. تۈڭلۈك تۆت ئەتراپى 60 سانتىمېتىر ئـەتـ
راپىدا قىلىپ كىۋادرات شەكلىدە تەييارلىنىدۇ، ئۇنى ياغاچـ
چـى ئـۇستىلار كـۆڭۈل قـويۇپ يـاسايدۇ⑥. ئـۇيغـۇرلار
ئېغىل ـ قوتانلارغىمۇ ئامال بار ئىسسىق، يورۇق، ئـازادە،
پاكىز قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئېغىل ـ قوتانلار ئۆيلەردىن پاكارـ
راق سېلىنىدۇ. ھاۋا ئـالماشتۇرۇپ تـۇرۇش ئـۈچۈن يـەنە
ئـېغىل ـ قـوتانلارنىڭ ئـۆگزىسىدىمۇ تـۈڭلۈك ئـېچىلىدۇ،

يەنە كەپتەرخانىلارنىڭ تورۇسىغىمۇ كەپتەرلەرنىڭ بىمالال
كىرىپ-چىقىپ تۇرۇشى ئۈچۈن تۈگلۈك ئېچىپ قويۇلى-
دۇ، بەزى جايلاردا كەپتەرلەر مەخسۇس كەپتەرخانىلاردا
بېقىلماستىن ئېغىلدا بېقىلىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا كەپتەرلەر
ئېغىلنىڭ تۈگلۈكى ياكى ئىشىكلىرىدىن كىرىپ چىقىدۇ،
كارىزنىڭ يەر يۈزى بىلەن تۇتىشۇپ تۇرغان ئېغىزىمۇ
«تۈگلۈك» دەپ ئاتىلىدۇ.

### 3. تۈگلۈكنىڭ كېلىپ چىقىشى

ئىنسانلار ئەڭ دەسلەپ ئولتۇراق ئۆيلەرنى بىنا
قىلغان مەزگىللەردە ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىنى يېپىپ بولغاندى-
دىن كېيىن ئۆيگە يورۇق چۈشسۇن دەپ ئۆينىڭ تورۇسى-
دىن تۆشۈك ئېچىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن، كېيىن تەد-
رىجىي تۈگلۈكنىڭ ھاۋا ئالماشتۇرۇش، ۋاقىت مۆلچەرلەش
جەھەتتىمۇ بەلگىلىك رولى بارلىقىنى تونۇپ يەتكەن. تۈگ-
لۈكنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ۋە ئىشلىتىلىشى يەنە ئۇيغۇرلار يا-
شىغان جايلارنىڭ تەبىئىي مۇھىتى، ھاۋارايى ۋە ئىقلىمى
بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، «خوتەن رايونىدا
قۇم-بوران، چاڭ-توزانلىق ھاۋا كۆپ، تېمپېراتۇرا يۇقى-
رى، كىشىلەر ئادەتتە ئۆيلىرىنىڭ تۆت تېمىنىڭ ھەممە تە-
رىپىگە دېرىزە ئورناتماستىن، پەقەت تۆر ئۆيگە بىر
تۈگلۈك ئاچىدۇ. تۈگلۈك چاسا ياكى تىك تۆت بۇلۇڭ
شەكىلدە بولىدۇ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن بىر مېتىردىن بىر
يېرىم مېتىرغىچە بولۇپ، قىسقا
ياغاچ تۈۋرۈكلەرگە نەقىش ئو-
يۇلۇپ رەتلىك تىزىلىدۇ،
ئىخلاس بىلەن ئىشلىنىدۇ»⑦.
ئابدۇرەھىم ھەببۇللا يەنە ئۇي-
غۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆي قۇ-
رۇلمىلىرىنىڭ ئۆزگىرىش جەر-
يانلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق
دەيدۇ: «تۈگلۈكتىن باشقا
شەكلى ھەرخىل بولغان روجەك
(دېرىزە) قويۇلىدىغان بولدى.
ئەڭ دەسلەپكى تام ئۆيلەر
تۈگلۈكسىز ئىدى. ئەجدادلىرى-
مىز ئۆيگە يورۇق چۈشسۇن
ئۈچۈن ئالدى بىلەن تورۇستىن
مەلۇم چوگلۇقتا تۆشۈك ئېچىپ قويىدىغان بولغان ۋە بۇ
تۆشۈكنى ‹تۈگلۈك› دەپ ئاتاشقان. 2-قەدەمدە كۈنگەي
تەرەپتىكى تامدىن تۆت چاسا تۆشۈك ئېچىپ قويىدىغان
بولدى. مۇشۇنىڭدەك روجەك-پەنجىر شەكلى ۋە
تۈگلۈك چەت يېزا-قىشلاقلاردا ھېلىمۇ ئۇچرايدۇ»⑧.
ئەڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى تۈگلۈكلەرنىڭ شەكلى
قوپال، ياسىلىشى ئاددىي بولۇپ، ماتېرىيالى ياغاچ ئىكەن-
لىكنى جەزملەشتۈرگىلى بولىدۇ. بىناكارلىق قۇرۇلمىسى
ھاۋا كىلىماتى، تەبىئىي بايلىق ماتېرىياللىرى، يەر شەكلى،
ئىگىلىك قۇرۇلمىسى، دىنىي ئېتىقاد، دۇنيا قاراش قاتارلىق
بىر قاتار ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، ئۇيغۇر بىنا-
كارلىقىدا تۈگلۈكنىڭ پەيدا بولۇشى شىنجاڭنىڭ تەبىئىي
مۇھىتى، ھاۋا كىلىماتى، ئىقلىمى بىلەن بىۋاستە مۇناسى-
ۋەتلىك.

### 4. تۈگلۈكنىڭ قىسقىچە تەرەققىياتى

ئۇيغۇرلاردا ئۆيلەرگە تۈگلۈك قويۇش ئۇزاق تا-
رىخقا ئىگە. «‹ئوغۇزنامە›دە يېزىلىشىچە، ئوغۇزلار تۈگ-
لۈكنى ‹تۈگلۈق›... دەپ ئاتىغان»⑨. قەدىمكى ئۇيغۇر
تىلىدا تۈگلۈك «تۈگلۇق»⑩ دېيىلگەن. «تۈگلۈك» ھا-
زىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن دىيالېكتىكىدا
«تۈنۈك»، «قومۇل شىۋىسىدە «تۈنۈك» دەپ ئاتىلى-
دۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى —



«ئوغۇزنامە»دە: «ئۇق يولدا ئېگىز بىر ئۆينى كۆردى، بۇ ئۆينىڭ تېمى ئالتۇندىن، تۈڭلۈكى كۈمۈشتىن، ئىشىكى تۆمۈردىن ياسالغانىدى. ئىشىكى قۇلۇپلانغان بولۇپ، ئاچقۇچى يوق ئىدى»[11] دېيىلگەن. ئوغۇز خاقان بۇ ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچقان كىشىگە «قالاچ» دەپ نام بەرگەن. بۇ يەردىكى «تېمى ئالتۇندىن، تۈڭلۈكى كۈمۈشتىن، ئىشىكى تۆمۈردىن ياسالغان» دېگەن تەسۋىر رېئال تەسۋىر بولماستىن، بەلكى داستاننىڭ بەدىئىيلىكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن تەسۋىر بولسا كېرەك. ئەمما شۇ نەرسە ئېنىقكى، «ئوغۇزنامە» داستانى مەيدانغا كەلگەن دەۋرلەردىلا بىناكارلىق ئىشلىرىدا تۈڭلۈك پەيدا بولغان. «جۇنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى»دە خاتىرىلىنىشىچە: «تۈركلەر كۈن چىقىشقا ھۆرمەر بىلدۈرگەچكە، چېدىر ئىشىكىنى كۈن چىقىشقا قارىتىپ ئاچقان. ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىغا ئوچاق ياسالغان. ئوچاق ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كەلگەچكە، ئىس يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ تۈڭلۈكتىن چىقىپ كەتكەن»[12]. ئەجدادلىرىمىز چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان مەزگىللەردە چېدىر ئۆيلەردە ياشىغان. «مىلادىدىن بىر نەچچە ئەسىر بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي، شىمالىي قىسمىدا، خەزەر دېڭىزى (كاسپىي دېڭىز) ئىسسىق كۆل ئەتراپىدىن جەنۇبىي سىبىرىيە، ئىچكى موڭغۇل ۋە تاشقى موڭغۇلىيە، ئورخۇن دەريا بويلىرى، ئالتاي تاغلىرى ۋە تىيانشان تاغلىرىنىڭ ئىككى تەرىپى، پامىر، كۇئېنلۇن، تارىم ۋادىسى قاتارلىق جايلاردا ياشىغان ئوغۇز (ئۇيغۇر)، قىرغىز، قىپچاق، قارلۇق قاتارلىق مىللەتلەر ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە يېرىم چارۋىچىلىق، يېرىم دېھقانچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. شۇڭا ئۇلار تۇرمۇش ئېھتىياجى بويىچە يايلاق-ئوتلاقلارغا كۆچكەندە، يۆتكەپ يۈرۈشكە ۋە قار-يامغۇردىن ساقلىنىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، بادرا (چەنزە)، ئوت-چۆپلەردىن ياكى كىگىز، ھايۋان تېرىلىرىدىن دۈم كۆمتۈرۈلگەن پىيالە شەكىلدىكى چېدىر ئۆيلەرنى ياساپ ئولتۇراتتى[13]. چېدىر ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىسى يۇملاق شەكىلدە بولغانلىقتىن ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسى گۈمبەز شەكىلدە بولغان. شۇڭا چېدىر ئۆيلەرنىڭ تۈڭلۈكلىرى چاسا شەكىلدە بولماستىن، بەلكى يۇملاق ھالەتتە بولىدۇ. تۈڭلۈكنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى چېدىرنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، ئادەتتە دىيامېتىرى ئۈچ چى ئەتراپىدا بولىدۇ. «‹ئوۋۇق› دەپ ئاتالغان سىلىق، ئىنچىكە ياغاچلار بىر تەرىپى گۈمبەزسىمان يېيىلغان ياغاچ پەنجىرىنىڭ ئۈستىگە چىگىلىدۇ. يەنە بىر ئۇچى چېدىر ئۆينىڭ ئۆگزىسى ھەم دېرىزىسى ھېسابلانغان يۇملاق تۈڭلۈك (چاڭغىراق) كە تۇتاشتۇرۇلىدۇ. تۈڭلۈك چەمبەرسىمان ئېگىلگەن ياغاچ بولۇپ، ئۇنىڭغا ئوۋۇقنىڭ بىر ئۇچى پاتقۇدەك تۆشۈك ئېچىلىدۇ. ئاشۇ تۆشۈككە ئوۋۇق تۇتاشتۇرۇلغاندىن كېيىن ئىككى بۆلەك بىرلىشىپ گۈمبەزسىمان چېدىر ئۆي شەكىللىنىدۇ... گۈمبەز شەكلىگە كىرگەن بۇ ياغاچ جازىنىڭ ھەممە ئەتراپى ئۆلچەملىك كىگىزلەر بىلەن چۈمكىلىدۇ. (بۇ كىگىزلەرنىڭ) ياغاچ پەنجىرە ئۈستىگە يېپىدىغىنى ‹تۇغۇرلۇق›، ئوۋۇق قىسمىنىڭ ئۈستىگە يېپىدىغىنى ‹ئۈزۈك›، تۈڭلۈكنىڭ ئۈستىگە يېپىدىغىنى ‹تۈڭلۈكلۈك› دېيىلىدۇ. بۇ ئۈچ بۆلەك كىگىز يۇڭ يىپلار بىلەن بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ چىگىلىدۇ[14]. تاماق پىشۇرۇلىدىغان ئوچاقلار چېدىر ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا، يەنى تۈڭلۈكنىڭ ئۇدۇلىغا قويۇلىدۇ.. ئەنۋەر تۇرسۇن ئەپەندى «ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرىدىن ئۆرنەكلەر» ناملىق كىتابىدا كىگىز ئۆي ھەققىدە توختىلىپ «(كىگىز ئۆيلەردە) كۆتۈرمىنىڭ ئۈستى مەركىزىي قىسمىدىن يۇملاق تۈڭلۈك چىقىرىلىدۇ. تۈڭلۈك يۇملاق كەرگۈ بادرا بولۇپ، ئاستى تەرەپتىكى كەرگۈگە بىر بېشى چېتىلغان چاتما بادرالار نۇر شەكلىدە تۈڭلۈككە تۇتاشتۇرۇلىدۇ. تۈڭلۈك ھاۋا ئالماشتۇرۇش ھەم ئىس چىقىرىۋېتىش رولىنى ئوينايدۇ[15] دەيدۇ. مەلۇمكى، ئەجدادلىرىمىز چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان مەزگىللەردە «تۈڭلۈكلۈك» دېيىلىدىغان يۇڭ توقۇلما بۇيۇملارنىمۇ ئىشلەتكەن. تۈڭلۈكلۈكلەر «تۈڭلۈك ياپقۇچ» دەپمۇ ئاتالغان. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك»تە يەنە «تۈغ — ھەرقانداق بىر نەرسىنىڭ قاپقىقى، ياپقۇچى. تۈڭلۈك تۈغى — تۈڭلۈك ياپقۇچ دېگەن سۆز شۇنىڭدىن ئېلىنغان»[16] دەپ خاتىرىلىگەن. بۇنىڭدىن ئەينى ۋاقىتتا يۇڭدىن ياسالغان تۈڭلۈكلۈكلەرنىڭ ئورنىغا «تۈڭلۈك تۈغى» دېيىلىدىغان قاپقاق، ياپقۇچلارنى ئىشلىتىشكە باشلىغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. ئادەتتە ئۆيلەردە «تۈڭلۈك ئاچقۇچ» (تۈڭلۈك ئاچقۇچ) دەپ ئاتىلىدىغان تۈڭلۈكنى ئېچىش-يېپىشتا ئىشلىتىدىغان

ئۈزۈن ياغاچلار بولىدۇ. ئۆيلەرنى تازىلىغاندا ياكى ھاۋا
ئالماشتۇرغاندا تەۋگلۈككە يېپىپ قويۇلغان نەرسىلەر
تۇڭلۈك ئاچقۇچ ئېچىۋېتىلىدۇ ياكى ئۆگزىگە چىقىپ ئېلە-
ۋېتىلىدۇ. «تۈڭلۈك ئاچقۇچ» تۈڭلۈكلەرنى يېپىشتىمۇ ئىشـ
لىتىلگەنلىكى ئۈچۈن يەنە «تۈڭلۈك ياپقۇچ» دەپمۇ ئاتىلى-
دۇ. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە يەنە
«تۈڭلۈك — تۈڭلۈك»[17] دەپ خاتىرىلىگەن. ئۇنىڭدىن
باشقا «چىقتى» دېگەن سۆزنى چۈشەندۈرۈپ: «چىقتى —
چىقتى. ئەر ئەۋدىن چىقتى — ئەر ئۆيدىن چىقتى...ماقالىدە
مۇنداق كەلگەن: ‹كۆچ ئەلدىن كىرسە — تۆرۈ تۈڭلۈكتىن
چىقار — زورلۇق-زۇمبۇلۇق ئىشىكتىن كىرسە، ئىنساب ۋە
قائىدە-يوسۇن تۈڭلۈكتىن چىقار›»[18] دەپ يازىدۇ.
«تۈڭلۈك» سۆزىنىڭ ماقال-تەمسىلدە ئىشلىتىلگىنىگە قارى-
غاندا، قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىدە ئۆيلەرگە تۈڭلۈك
قويۇش ئادىتىنىڭ ئومۇملاشقىنىغا خېلى ئۇزاق زامانلار بول-
غانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىدىقۇت ئۇيغۇر
خانلىقى دەۋرىدىمۇ «ئۆيلەردە تۈڭلۈك ئېچىلاتتى»[19].
يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە «ئۆيلەرنىڭ يورۇتۇش
ئەسلىھەلىرى ئاساسەن تۈڭلۈك، پەنجىرە-روجەكلەردىن ئى-
بارەت. بەزى بايلارنىڭ ئۆيلىرىلا ئەينەك دېرىزىلىك
قىلىپ ياسالغان»[20]. ئابدۇكېرىم رەھمان ئەپەندى
«قەشقەر بىناكارلىق مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابىدا قەشقەر
ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلمىسى ھەققىدە توختىلىپ:
«مەيلى ئۇ قايسى خىلدىكى ئۆي بولسۇن، ھەممىسىگە
تۈڭلۈك قويىدۇ، بۇنداق ئۆيلەر دېرىزىلىك ئۆيلەرگە
نىسبەتەن بىر قەدەر بەختەر بولۇپ، كۈن نۇرى ئۆيگە
تۈڭلۈكتىن چۈشىدۇ. تۈڭلۈكتىن كىرىپ تامغا چۈشكەن قۇ-
ياشنىڭ شولىسىغا بەلگە قىلىپ ۋاقىتنى ۋە پەسىلنى بىلىدۇ.
ئادەم ئۆلسە مېيىت ھەققىنى تۈڭلۈكتىن سۇنۇپ بېرىدۇ»[21]
دەيدۇ. تارىخىي ماتېرىياللار ۋە ھازىرقى ئەمەلىيەتكە ئا-
ساسلانغاندا، ھەرقايسى يۇرتلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەم-
مىسىدە ئۆيلەرگە تۈڭلۈك چىقىرىش ئادىتى بولغان. مەس-
لەن، «دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ قوشام تاملىق، سوقما
تاملىق، كېسەك تاملىق، چالما تاملىق ياكى ياغاچ تاملىق
(ساتما) ئۆيلەر بولسۇن، قۇرۇلۇش شەكلى جەھەتتىن
بىردىن چوڭ مەشرەپخانا ۋە مەشرەپ سۇپىسى، چوڭ
دالان (مېھمانخانا) ۋە ئېغىل-قوتاندىن تەركىب تاپقان بو-
لىدۇ. بۇ ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى تۈڭلۈكلۈك بولۇپ دېرىزە
قويۇلمىغان»[22]. خوتەن ۋىلايىتى كېرىيە ناھىيەسىنىڭ
دەرىيا بويى يېزىسىدىكى ئۇيغۇرلاردىمۇ ئۆيلەرگە
تۈڭلۈك چىقىرىش ئادىتى بار. ئۇلار ساتمىلىرىنىڭ «ئۆگ-
زىسىگە ئوچاقنىڭ ئۇدۇلىغا كەلتۈرۈپ تۈڭلۈك
قويۇلىدۇ»[23] ئابدۇرەھىم ھەببۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگراف-
يەسى» ناملىق ئەسىرىدە: «ئەجدادلىرىمىز قۇرماقچى
بولغان ئۆينىڭ چوڭ-كىچىكلىك ئېھتىياجىغا قاراپ ئالدى
بىلەن ئۇزۇن-قىسقىلىقى، ئىنچىكە-توملۇقى تەكشى بادرا
(چەنزە) ۋە چۈلۈك، تال-چىۋىقلىرىنى ئېشىپ ‹تۈڭلۈك›-
لۈك چەمبىرەك تەييارلىغان»[24] دەيدۇ. ئابدۇللا
سۇلايمان «ئىزدىنىش مەنزىللىرى» ناملىق ئەسىرىدە:
«ئايۋانغا سېلىشتۇرغاندا، ئادەتتە ھۇجرا ئۆيلەرنىڭ تۈڭ-
لۈكى بولۇپ، ئۆيلەرگە تۈڭلۈك بېكىتىش ئولتۇراق
ئۆيلەر بىناكارلىقىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغا تۈرتكە
بولغان»[25] دەيدۇ.

ئۇيغۇرلار دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە قەدەم قويۇپ
مۇقىم ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، چاسا شەكىللىك ئۆيلەردە
ئولتۇرۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن چارۋىچىلىق دەۋرى-
دىكى چېدىر ئۆيلەرنىڭ يۇملاق تۈڭلۈكلىرىنىڭ ئورنىغا
چاسا شەكىللىك تۈڭلۈكلەرمۇ پەيدا بولدى ۋە ئومۇملى-
شىشقا باشلىدى. مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇش ئۇيغۇرلاردا
ھەر خىل ھۈنەر كەسىپلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە مۇقىم تە-
رەققىي قىلىشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى. ياغاچچىلىق
(خارەتچىلىك) كەسپىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ،
چارۋىچىلىق دەۋرىدە ئىشلىتىلگەن يۇڭ (كىگىز) تۈڭلۈك-
لۈكلەرنىڭ ئورنىنى ياغاچ تۈڭلۈكلۈكلەر ئىگىلىدۇ. ھازىر
تۈڭلۈكنىڭ «ئىككى يان تەرىپىگە تاختايدىن ئىككى تال
قانات ئورنىتىلىدۇ. ئوتتۇرىسىغا بىر تال توغرا ياغاچ بې-
كىتىلىدۇ، تۈڭلۈكنى ئاچقاندا، ئىككى قانات سىرتىغا يانتۇ
ھالەتتە ئېچىلىدۇ. ياپقاندا، ئىككى قاناتنىڭ گىرۋىكى ئوت-
تۇرىدىكى ياغاچقا تەكشى تېگىدۇ»[26] زامانىۋى سانائەت-
نىڭ مەھسۇلى بولغان ئەينەك ۋە سولياۋلار پەيدا بولغان
ۋە ئومۇملاشقاندىن كېيىن، ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئەينەك ۋە
سولياۋنىڭ نۇر، يورۇقلۇق ئۆتكۈزۈش خۇسۇسىيىتىنى
ھېس قىلىپ يېتىپ، يۇڭ ۋە ياغاچتىن ياسالغان تۈڭلۈكلۈك-
لەرنىڭ ئورنىغا ئەينەك ياكى سولياۋ قاتارلىق نەرسىلەرنى

ئىشلىتىشكە باشلىدى. شۇ ئارقىلىق تۈگۈلۈك كىگىز ۋە ياغاچ تۈگۈلۈكلەر بىلەن يېپىپ قويۇلغاندا ئۆينىڭ قاراڭغۇ بولۇپ قالىدىغان چەكلىمىلىكىدىن قۇتۇلدى. 1917~1918 - يىللاردا يۇرتىمىزغا كەلگەن رۇسىيەلىك سەيياھ نۇشىرۋان يائۇشېۋ ئالتە شەھەر مەكتۇپلىرى» ناملىق ئەسىرىدە «ئۆيلىرى پۈتۈنلەي لايدىن سېلىنغان، دېرىزىسىز ھۇجرىلاردىن ئىبارەت. ئۆگزىلىرى تۈپتۈز، يورۇق چۈشۈش ئۈچۈن تۆت يېرىم ئارشىن چامىسىدا تۆشۈك تېشىپ قويۇلىدۇ. بۇ تۆشۈكنى ئۆزلىرى ‹تۈگۈلۈك› دەيدۇ»㉗ دەپ يازغان. نۇشىرۋان يائۇشېۋ بەلكىم ئەينى ۋاقىتتا جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇر بىناكارلىقىدا نېمىشقا ئۇ يەرگە دېرىزە قويۇلمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بەك يۈزەكى چۈشەنگەن بولسا كېرەك. تۆت تامغا دېرىزە ئورناتماسلىق چاڭ-توزان، قۇملارنىڭ ئۆيگە كىرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈندۇر. ئادەتتە ئىس-تۈتەك، كېرەكسىز گازلار يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ، شۇڭا تۈگۈلۈك ئۆينىڭ يان تەرىپىگە قويۇلماستىن، بەلكى ئۆينىڭ ئۈستىگە يەنى تورۇسقا قويۇلىدۇ.

ئۆيلەرگە تۈگۈلۈك قويۇش ئادىتى شىنجاڭدا پەقەت ئۇيغۇرلاردىلا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەردىمۇ بار. بۇنىڭغا تاشقورغان تاجىكلىرىنىڭ «لەڭگەر ئۆي» (يولۇچىلار سەپەر-مەنزىل ئۈستىدە قونۇپ ئۆتىدىغان جاي ياكى قونالغۇ-ئۆتەڭ دېگەن مەنىدە)لىرىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. «لەڭگەر ئۆينىڭ تۈگۈلۈك قىسمى ياغاچ ۋە شالدىن بەش قەۋەت قىلىپ ياسىلىدۇ. ئۇ كۈن نۇرى ۋە يورۇقلۇق چۈشۈرۈش، ئىس-تۈتۈننى چىقىرىۋېتىش، ھاۋا ئۆتتۈرۈش قاتارلىق روللارنى ئوينايدۇ. بۇ يەردىكى بەش قەۋەتلىك تۈگۈلۈكنىكى بەشلىك سانى ‹پەنج تەنى› (بەشچىلەر)نىڭ ئوبرازىمۇ ۋولىدۇر»㉘. شىنجاڭدىكى تاجىكلار ئىسلام دىنىنى شىئە مەزھىپىنىڭ بىر تارمىقى بولغان ئىسمائىلىيە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ. «پەنج تەنى» (بەشچىلەر) ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ يەنە بىر نامى بولۇپ، بەش تەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ھەزرىتى ئەلى، فاتىمە، ئىمامى ھەسەن ۋە ئىمامى ھۇسەنلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن تاجىكلارنىڭ تۈگۈلۈك قويۇش ئادەتلىرى ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە شىمالىي قۇتۇپتا ئوۋچىلىقتا تايىنىپ ياشايدىغان مىللەت — ئېسكىموسلاردىمۇ ئۆيلەرگە تۈگۈلۈك قويۇش ئادىتى بار بولۇپ، «ئېسكىموس گەمىلىرىگە تۈگۈلۈكتىن باشقا دېرىزە-كۆزنەكلەرنىڭ ئېچىلمايدىغانلىقى ھەرگىزمۇ گەمە تاملىرىنىڭ قېلىن مۇز گەۋدىسىدىن تۈزۈلگەنلىكى سەۋەبىدىن بولماي، بەلكى يەنىلا شامالدىن، سوغۇقتىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈندۇر»㉙. بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقاتلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلەرگە تۈگۈلۈك قويۇش ئادىتىنى باشقا مىللەتلەرنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ.

## 5. تۈگۈلۈكنىڭ رولى

تۈگۈلۈكنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى رولىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك رولى بار:

(1) ئۆينى يورۇتۇش رولى بار.

نۇر — كۇۋانتلاشقان (كىچىك مىقدارلارغا ئايرىلغان) زەررىچىلەردىن تەركىب تاپقان ئېلېكتىر ماگنىت دولقۇنى. كۈندۈزى تۈگۈلۈكتىن كۈن نۇرى چۈشۈپ ئۆينى يورۇق قىلسا، كېچىسى ئاي يورۇقى چۈشۈپ ئۆينى يورۇتىدۇ. ئۆينىڭ تۈگۈلۈكى بولسا قۇياش نۇرى ئەتىگەندىن تارتىپ كەچكىچە ئۆي ئىچىگە چۈشۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا تۈگۈلۈكنىڭ ئىجاد قىلىنىشىنى ئىنسانلارنىڭ نۇردىن، يورۇقلۇقتىن پايدىلىنىشىدىكى مۇھىم بىر ئىلگىرىلەش دېيىشكە بولىدۇ. نۇر ئىنسانلارنىڭ كۆرۈش سەزگۈسىگە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئادەم تېنىنىڭ ساغلاملىقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، ھازىرقى زامان مېدىتسىنا ئىلمىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئېغىر قات ئايالنىڭ قورسىقىغا يورۇقلۇق چۈشسە، ھامىلەبېشنى شۇ ياققا بۇرايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ھامىلىنىڭ ھەرىكىتى كۈچىيىپ، يۈرەك سوقۇشى تېزلىشىدىكەن، شۇڭا ھامىلدار ئاياللارنىڭ قورسىقىدىكى ھامىلىنىڭ يورۇقلۇقتىن غىدىقلىنىشىدىمۇ تۈگۈلۈكنىڭ بەلگىلىك رولى بولغانلىقىنى قىياس قىلالايمىز.

(2) ئۆينىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇش رولى بار.

تۈگۈلۈكنى ئاچقاندا ساپ ھاۋا ئۆي ئىچىگە كىرىپ، ئۆينىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇپ، تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەپ، ئۆي ئىچىدىكى ئارتۇق نەملىكنى تارتىدۇ.

ئوچاقتا يېقىلغان ئوت ۋە چىراغلاردىن چىققان ئىس-تۈتەك، تۈتۈن ۋە گازلار تۈڭلۈك ئارقىلىق چىقىرىۋېتىلىپ، ھەر خىل نەپەس يولى كېسەللىكلىرى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ۋە نەملىكتىن بولىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئىس-تۈتەكلەر ئىشىك-دېرىزىلەر ئارقىلىقمۇ چىقىپ كېتىدۇ. لېكىن ھاۋا پەستىن ئېگىزگە ئۆرلەيدىغانلىقى ئۈچۈن ئىشىك-دېرىزىلەرگە قارىغاندا تۈڭلۈكتىن ئاسانراق چىقىپ كېتىدۇ. تۈڭلۈك ياز كۈنلىرى ئاساسەن ئوچۇق تۇرىدۇ، قىش كۈنلىرى كۈندۈزدە ئېچىۋېتىلىپ، كەچقۇرۇنلىرى يېپىپ قويۇلىدۇ، تۈڭلۈكنى ئىپتىدائىي ھاۋا تەڭشىگۈچ دېيىشكە بولىدۇ.

(3) ئۆي ئىچىدە تۇرۇپ ۋاقىتنى بىلىش رولى بار.

ئەجدادلىرىمىز تېخى سائەت ئىجاد قىلىنمىغان زامانلاردا تۈڭلۈكتىن چۈشكەن نۇرنىڭ تىك، يانتۇلۇقى ۋە قايسى تەرەپكە چۈشكەنلىكىگە قاراپ ۋاقىتنى مۆلچەرلەشكە ئادەتلەنگەن. تۈڭلۈكلۈك ئۆيدە ياتسا ناماز ئۈچۈن ئوقۇلغان ئەزاننى ئاڭلىغىلى بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ، تۈڭلۈك ئۆينىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇش ۋە ئۆينى يورۇتۇش رولىغا ئىگە بولغاندىن سىرت يەنە ئىنتايىن كۈچلۈك ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە.

**6. تۈڭلۈككە مۇناسىۋەتلىك ئەنئەنىۋى ئىرىم-ئادەتلەر**

ئۇزاق تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئەجدادلىرىمىزدا تۈڭلۈككە مۇناسىۋەتلىك بەزى ئۆرپ-ئادەتلەر، ئەنئەنە، ئۇدۇملار شەكىللەنگەن ۋە داۋاملىشىپ كەلگەن. بۇلار ئاساسلىقى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، سەھەر تۇرۇپ تۈڭلۈك ئېچىش ئادىتى. ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىدا، سەھەر تۇرغاندا كۈننىڭ بەرىكەتى بولىدۇ، تەن ساغلام بولىدۇ. ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە سەھەر تۇرۇپ تۈڭلۈك ئېچىپ ئۆينىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇش، كۈن نۇرى بىلەن ئۆينى يورۇتۇش، ھاۋا تۇتۇلۇپ بوران-چاپقۇن چىققان، قار-يامغۇر ياغقان چاغلاردا تۈڭلۈكنى ۋاقتىدا ئېتىشنى ئاياللار تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆز زىممىسىگە ئالىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۆي ئىگىسى ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ ئۆينىڭ ئىچى-تېشىنى تازىلاپ، تۈڭلۈك ئېچىپ ئۆينىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرسا، ئۆيگە قۇت-بەرىكەت ياغىدۇ، ئائىلىنىڭ بەخت-سائادىتى تېخىمۇ زىيادە بولىدۇ دەپ ئىشەنچ قىلىدۇ. مەسىلەن، توي-تۆكۈنلەردە قىزنىڭ ئالدىدا تويلۇقنى ئاچقاندا:

«قىزىمىزنىڭ داستىخىنى كەڭ بولغاي،
مېھمانغا خۇش چىراي ئاچقاي،
سەھەر تۇرۇپ تۈڭلۈكنى ئاچقاي،
ئۆيگە بەرىكەت ياغقاي» دېگەندەك تىلەكلەر تىلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا «تۈڭلۈكىدىن شامال، ئىشىكىدىن ئادەم كىرمەيدىغان» دەيدىغان ئىبارە بار بولۇپ، «بۇ كىشىلەرگە ئارىلاشمايدىغان، كىشىلەر بىلەن باردى-كەلدى قىلمايدىغان غەيرىي مىجەز ئادەملەرنىڭ خەسلىتىنى سۈپەتلەشتە» قوللىنىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تۈڭلۈكنىڭ ئۆيگە شامال كىرىش، ھاۋا ئالماشتۇرۇشتا رول ئوينايدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇيغۇرلاردا يەنە «كۆتىگە كۈن چۈشكىچە يېتىش» دەيدىغان بىر تۇراقلىق ئىبارە بولۇپ، بۇ كۈن، ئەلۋەتتە، تاڭ ئېتىپ تۈڭلۈكتىن كۈن چۈشكىچە ئورنىدىن تۇرمايدىغان غاپىل كىشىلەرنى سۈپەتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، بۇ تۇراقلىق ئىبارىدىن ئادەتتە ئۆيگە تۈڭلۈك ئارقىلىق كۈن چۈشىدىغانلىقىدەك بىر ئىش يوشۇرۇن ھالەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

ئىككىنچى، تۈڭلۈكتىن ھەر خىل نەرسە-كېرەكلەرنى ئۆي ئىچىگە تاشلاش ۋە ئۆي ئىچىدىن تېشىغا چىقىرىش ئادىتى. ھەر يىلى يېڭى يىل كۈنى، يەنى نورۇز (3-ئاينىڭ 21-كۈنى) كۈنى يېزىلاردا كىشىلەر قول ئىلكىدە قانچە پۇل بولسا ئۆگزىگە چىقىپ تۈڭلۈكتىن شۇنى تاشلايدىغان ئادەت بار. بۇ ئادەت كىشىلەرنىڭ يېڭى يىلدا مال دۇنياسى، رىزىق-تەلىيى ۋە بەرىكىتىنىڭ تېخىمۇ كۆپ بولۇشى ۋە يېڭى يىلدا ئىشىكتىنمۇ، تۈڭلۈكتىنمۇ پۇل، مال-دۇنيا كىرىپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىشتەك ئارزۇ-تىلەكلىرى سەۋەبىدىن پەيدا بولغان. ئۇيغۇرلاردا «باينىڭ ئىشىكىدىنمۇ كىرىدۇ، تۈڭلۈكىدىنمۇ» دەيدىغان ماقال بار بولۇپ، بۇ كىشىلەرنىڭ قىلغان ئىش-ئوقتىنىڭ ۋاراج تېپىشى، كۆپلەپ تاپاۋەتكە ئېرىشىشى، كىرىمىنىڭ كۆپىيىشى ۋە كۈندىن-كۈنگە بېيىشىنى ئىپادىلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەلقتە تۈڭلۈكتىنمۇ مال-دۇنيا كىرىدۇ دەيدىغان ئىشەنچنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنىڭ بىر ئىپادىسى.



2015.3

بۇرۇن بەزى جايلاردا بالىغا ئات قويۇش مۇراسىمىدا بالا ئۆگزىگە ئېلىپ چىقىلىپ تۈڭلۈكتىن ئۆيگە چۈشۈرۈلۈپ بوسۇغا ئاستىدىن ئۆتكۈزىدىغان ئادەتلەر بولغان. بۇنىڭدا «تۈڭلۈك ‹كۆككە يەنى ئاسمانغا› سىمۋول قىلىنغان بولۇپ، بالىنى تۈڭلۈكتىن ئۆيگە چۈشۈرۈش ئارقىلىق ‹بالىنى تەڭرى ئىلتىپات قىلدى› دېگەنلىك مەقسەت قىلىنغان㉚. بۇنىڭدىن قارىغاندا بۇ ئادەتنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادى بىلەن بەلگىلىك مۇناسىۋىتى بولۇشى مۇمكىن.

ئاقتۇ ناھىيەسىدىكى كوسراپلىقلارنىڭ توي-تۆكۈن ئادەتلىرىدە «تۈڭلۈك بېرىش» دەيدىغان بىر مۇراسىمنىڭ بارلىقى مەلۇم. تۈڭلۈك بېرىش ئادىتى مۇنداق بولىدىكەن: «توي باشلانغان كۈنىنىڭ ئەتىسى ئەتىگەندە قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپ قۇدىلىرىنى، شەنئوغۇل ۋە قولداشلىرىنى ئۆيگە چاقىرىدۇ... ئوغۇل قولداشلىرىدىن ئىككى-ئۈچ كىشى ئۆگزىگە چىقىپ تۈڭلۈك ئەتراپىدا ئولتۇرىدۇ. قىز تەرەپتىن بىرسى (ئايال كىشى) شەنئوغۇل ئۈچۈن تەييارلانغان چاپان، كۆينەك، دوپپا (تەلپەك)، چورۇق، بەلباغ، قول ياغلىق، چاي خالتىسى، قاتلىما نان، تۇخۇم، گۆلە، ياڭاق، مېغىز قاتارلىقلارنى يەتتە ياكى توققۇز لېگەنگە سېلىپ، بېيىت ئوقۇپ تۈڭلۈكتىن ئۇزىتىدۇ. تۈڭلۈك بېشىدىكى ئوغۇللارمۇ بېيىت ئارقىلىق تاپشۇرۇۋالىدۇ... بېيىت ئوقۇش تۈگىگەندىن كېيىن، تۈڭلۈك بېشىدىكى ئوغۇللار قايتىپ چۈشىدۇ»㉛. گەرچە كوسراپلىقلاردا بۇ ئادەت يوقىغان بولسىمۇ، بۇنىڭ بىر مەزگىل داۋاملاشقانلىقى مەلۇم. نېمە ئۈچۈن بۇ سوۋغاتلار تۈڭلۈك ئارقىلىق بېرىلىدىغان ۋە تاپشۇرۇپ ئېلىنىدىغان بولغىيتتى؟ بىز بۇ ئادەتنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى ھەققىدە كېسىپ بىر نەرسە دېيەلمىسەكمۇ، بۇ ئادەتنىڭ تۈڭلۈككە مۇناسىۋەتلىك ئەقىدە-ئېتىقادلار بىلەن بەلگىلىك دەرىجىدە باغلىنىشى بارلىقىنى قىياس قىلالايمىز.

ئۈچىنچى، تۈڭلۈككە مۇناسىۋەتلىك چۈشلەرگە ياخشى تەبىر بېرىش ئادىتى. قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىكى چۈش تەبىرى بولغان «ئىرىق بىتىگ» دە (كىگىز) ئۆينىڭ ئۈچى قانداق-ئۇ؟ تۈڭلۈكى قانداق-ئۇ؟ دېرىزىسى قانداق كۆرۈملۈك ئۇ؟ ئۆگزىسى نېمىدېگەن ياخشى، ئارغامچىسى قانداق باغلانغاندۇ؟ دېگۈدەك. بىلىڭلاركى، بۇ «پالنامە» ئېنىق ئەزگۈ»㉜ دېيىلگەن بولۇپ، بۇ چۈش تەبىرىدىن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا قارىشىدا چۈشىدە تۈڭلۈك كۆرۈشنىڭ ياخشى، ئەزگۈ ئىش ھېسابلىنىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. بەزى جايلاردا توي قىلمىغان قىزلار چارشەنبە كۈنى تۈڭلۈك بېشىغا چىقىپ باش تارىسا بەختى ئېچىلىدۇ دەيدىغان جۇرۇقمۇ بار.

تۆتىنچى، تۈڭلۈكنىڭ نۇردىن ھامىلدار بولۇش مۇتىفى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى. تۈڭلۈكنىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەپسانىلىرىدىكى نۇردىن ھامىلدار بولۇش مۇتىفى بىلەنمۇ بەلگىلىك مۇناسىۋىتى بولۇشى مۇمكىن دەپ گۇمان قىلىش ئارتۇقچە ئەمەس. مەسىلەن، مۇغۇلىستانغا خان بولغان ئوغۇز خاقاننىڭ ئەۋلادى يۇلتۇزخاننىڭ بىر نەۋرە ئوغلى بىلەن بىر نەۋرە قىزى توي قىپتۇ، نەۋرە ئوغلى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئايالى ئالانقۇۋا ئەلگە باش بوپتۇ، بىر كېچىسى ئاق ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن قۇياشقا ئوخشاش بىر روشەن نۇر كۆرۈنۈپتۇ ۋە ئۇ نۇر بىر ياش يىگىت سۈپىتىدە بولۇپ، ئالانقۇۋاغا كۆڭۈل ئىزھار قىپتۇ. ئالانقۇۋاغا خۇشلۇق يېتىپ، شۇ نۇردىن ھامىلدار بوپتۇ، بۇ رىۋايەت موللا مىرسالىھ كاشغەرىينىڭ «چىڭگىزنامە» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «بىر كېچە نۇرى تۈڭلۈكتىن چۈشۈپ ئول نۇر بارىپ ئاغزىدىن كىردى، ئالانقۇۋا ھامىلدار بولدى. ھەر كېچە ئول نۇر ئاق ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن كىرىپ يەنە يانىپ چىقار ئىدى»㉝. بۇ رىۋايەت يەنە موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ھەمىدى» ناملىق ئەسىرىدىمۇ تەكرارلانغان: «بىر كېچىسى ئاق ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن خۇددى ئاپتاپتەك بىر نۇر كۆرۈنگەندەك بولدى. بۇ نۇر يەنە ياش يىگىت سۈرىتىگە كىرىپ، ئالانقۇۋا بىلەن ھەمبەستەر (بىللە ـــ ت) بولدى. ئۇنىڭدا بىر خۇشاللىق پەيدا بولۇپ ھامىلدار بولۇپ قالدى»㉞. موللا مىرسالىھ كاشغەرىي بىلەن موللا مۇسا سايرامىنىڭ بايانى ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ، موللا مۇسا سايرامى تۈڭلۈكتىن چۈشكەن نۇرنىڭ بىر ياش يىگىت سۈرىتىگە كىرگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ، بۇنىڭدىن قارىغاندا نۇردىن ھامىلدار بولۇش مۇتىفىنىڭ تۈڭلۈك بىلەن بەلگىلىك مۇناسىۋىتى بولسا كېرەك.

بەشىنچى، تۈڭلۈكنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى. ئۇيغۇرلاردىكى ئىپتىدائىي

ئېتقاد بىلەن شامانىزم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان پىرە ئويۇنىنىش پائالىيىتىدە ئۆيدە تۇغ باغلانغاندا ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچى بەزى جايلاردا تۈڭلۈككە باغلىنىدۇ.

ئالتىنچى، تۈڭلۈكنىڭ ئىسلام ئېتقادى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى. «ئەجدادلار ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن كېچىسى پەرىشتىلەر (نۇر) ئۆي ئىچىگە چۈشۈپ، ئۆيدىكىلەرگە بەخت-ئامەت ئاتا قىلىدۇ دېگەن ئورتاق قاراشقا ئىگە بولغان. بۇ خىل قاراش ئىسلام دىنى ئېتقادىغا سىڭىپ، ئۆي تۈڭلۈكىدىن رامىزاننىڭ 27-كۈنى كېچىسى شەبى قەدىر كىرىپ ئۆيدىكىلەرگە بەخت-سائادەت ئېلىپ كېلىدۇ دېگەن چۈشەنچىگە ئەقىدە باغلاپ، ھەر بىر ئېغىز ئۆيگە تۈڭلۈك چىقارغان[35].

قىسقىسى، ئۇيغۇرلاردا «ئاتا دېگەن تۈڭلۈك ياپقۇچ، ئانا دېگەن ئىشىك ياپقۇچ»، «تۈڭلۈكلۈك ئۆيدىن تۈمەن مىڭ ئىش ئۆتىدۇ» دەيدىغان ماقال-تەمسىللەرمۇ بار بولۇپ، بۇ تۈڭلۈكنىڭ يەنە بەزى سىمۋوللۇق مەنىلىرىنىڭمۇ بارلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، ئۇيغۇرلاردىكى ئۆيلەرگە تۈڭلۈك قويۇش ئادىتىنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى سەۋەبلىرى ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ.

**7. تۈڭلۈككە مۇناسىۋەتلىك مەدەنىيەت ئامىللىرىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى**

20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىن باشلاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلمىسىدا جىددىي ئۆزگىرىشلەر بولۇشقا باشلىدى. بىنالىششقا ئەگىشىپ، ئۆيلەرگە تۈڭلۈك قويۇش ئەنئەنىسى ئاستا-ئاستا يوقالماقتا. تۈڭلۈكنىڭ بىنا ئۆيلەرگە ماس كەلمەسلىكى، بىنا ئۆيلەردە مەخسۇس ئۆينى يورۇتىدىغان ھەر خىل زامانىۋى چىراغلار ۋە ھاۋا ئالماشتۇرىدىغان ھاۋا تەڭشىگۈچلەرنىڭ كەڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، تۈڭلۈك پەقەت يېزا-سەھرالاردىكى چاسا ئۆيلەردىلا قېپقالدى. يەنە بەزى جايلاردا «قەدىمكى تۈڭلۈك ئەمەلدىن قالدى، قەدىمكى پەنجىرىلىك روجەكلەر ئورنىنى ئازادە دېرىزىلەر ئىگىلىدى»[36]. شۇنداقتىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تۈڭلۈككە مۇناسىۋەتلىك ئۆرپ-ئادەتلىرىنى خاتىرىلەپ قويۇش، تۈڭلۈككە باغلىنىشلىق مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىش ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنى چۈشىنىش، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېستېتىك ئېڭىنى چۈشىنىش، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بىناكارلىقىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىت بىلەن مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىشتە مۇئەييەن ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىنسانشۇناسلىق ئىلمىنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى بولغان ئېكولوگىيە ئىنسانشۇناسلىقى ئىنسان بىلەن مۇھىت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىدۇ، ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى ياشىغان مۇھىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشتا بىر ياخشى كىرىش نۇقتىسى بولالايدۇ، شۇڭا ئۇيغۇر بىناكارلىق مەدەنىيىتىنى، جۈملىدىن، تۈڭلۈكنى مەدەنىيەتشۇناسلىق، فولكلور، ئېكولوگىيە ئىنسانشۇناسلىقى، بىناكارلىق ئىنسانشۇناسلىقى قاتارلىق پەنلەر نۇقتىسىدىن چىقىپ تەتقىق قىلىشنىڭ بەلگىلىك ئەھمىيىتى بار.

**8. خۇلاسە**

قىسقىسى، تۈڭلۈك — ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئۆيلىرىدىكى ھاۋا ئالماشتۇرىدىغان، يورۇقلۇق چۈشىدىغان بىر كۆزنەك، شۇنداقلا ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر خىل بەلگىسى. تۈڭلۈك ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمدە بەزى ساددا ئاسترونومىيەلىك چۈشەنچىلەرنىڭ بىخلىنىشىغا تۈرتكە بولغان. تۈڭلۈك — خۇددى رەسەتخانىلاردىكى تېلېسكوپلاردەك كېچىسى ئىنسانلارنى چەكسىز ئالەمگە قاراپ تەپەككۇر قىلىشقا ئۈندىگەن بىر روجەك. ئايدىڭ كېچىلەردە تۈڭلۈكتىن چۈشكەن ئاي شولىسى كىشىلەرنىڭ قەلبىدە نۇرغۇن ئېستېتىك چۈشەنچىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا خۇرۇچ بولغان. مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىرىنىڭ قارىشىچە، «ئىنسانلار ياراتقان مەدەنىيەتنى ئاساسەن ماددىي مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي توپ مەدەنىيىتى (ياكى تۈزۈم مەدەنىيىتى) ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت (ياكى ئىپادىلەش مەدەنىيىتى)تىن ئىبارەت ئۈچ قاتلامغا بۆلۈشكە بولىدۇ. ماددىي مەدەنىيەت ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ئۈستىدىن غالىب كېلىشى ھەمدە ھاياتلىقىغا ئېرىشىش يولى بىلەن ئىشلەپچىقىرىلغان بولۇپ، ئاساسلىقى ‹تېخنىكا› مەدەنىيىتى شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ، ئۇ ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ئىنكاسى. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋە مەنىۋى پائالىيەتلىرى جەريانىدا ئىشلەتكەن بارلىق ماددىي ۋاسىتىلەر ۋە بارلىق ماددىي نەتىجىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك ۋە تۇرالغۇلاردىن تارتىپ، زامانىۋى تېخنىكىلارغىچە ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ مەزمۇنى مول ۋە رەڭگارەڭ» [37]. تۈڭلۈكمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي مەدەنىيىتىنىڭ بىر

قىسمى بولۇپ، ئۇ گەرچە كىچىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا چوڭ روللارنى ئوينىغان. شۇڭا تۇغلۇكنى فولكلور، مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى، بىناكارلىق ئىلمى (ئارختېكتورا)، بىناكارلىق ئېستېتىكىسى، بىناكارلىق فىزىكىسى... قاتارلىق كۆپ خىل پەنلەر نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك ئەھمىيىتى بار.

ئىزاھاتلار:


①، ② يى جوگىيەن: «سەنئەت ئىنسانشۇناسلىقى»، شائىخەي ئەدەبىيات-سەنئەت نەشرىياتى، 2001-يىل 1-نەشرى، 284-، 285-بەتلەر.

③، ⑳، ㉑، ㉒، ㉘ ئابدۇكېرىم رەھمان: «قەشقەر بىناكارلىق مەدەنىيىتى»، (قەشقەر مەجمۇئەسى 15، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2012-يىل 7-ئاي 1-نەشرى، 130-بەت، 55-، 118-، 123-، 124-بەتلەر.

④ ئابلىز ياقۇپ، غەنىزات غەيۇرانى، ئىسمائىل قادىر، زايىت ھېۋىل، ھەمدۇللا ئابدۇراخمان، پەرھات نۇر، ئابلىز ئەمەت، ئەسقەر ئابدۇقادىرلار تۈزگەن «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 5-توم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991-يىل 11-ئاي 1-نەشرى، 406-بەت.

⑤، ⑭ ئابدۇكېرىم رەھمان، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، شېرىپ خۇشتار: «ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996-يىلى 8-ئاي 1-نەشرى، 51-، 58-بەت.

⑥، ㉖ مۇھەممەدتۇرسۇن ھەسەن: «تۇغلۇك»، «خوتەن گېزىتى»نىڭ 2008-يىل 4-ئاينىڭ 12-كۈندىكى سانى، مۇختار ھوشۇر تۈزگەن: «خويىمۇ ئۈز خوتەن»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2010-يىل 12-ئاي 1-نەشرى، 250-بەت.

⑦ ساۋ خوڭ: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرمۇش شەكلىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە، ئىجتىمائىي پەن قىسمى)نىڭ 1998-يىل 4-سان.

⑧، ㉔، ㉚ ئابدۇرەھىم ھەببۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993-يىل 4-ئاي 1-نەشرى، 157-، 152-، 295-بەت.

⑨، ⑫ ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۇكۇر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىل 12-ئاي 1-نەشرى، 46-، 32-بەت.

⑩ ئابلىمىت ئەھەت، دىلدار مەمتىمىن تۈزگەن: «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989-يىل 1-ئاي 1-نەشرى، 175-بەت.

⑪ گېڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپ نەشرگە تەييارلىغان: «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ـــ ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980-يىل 11-ئاي 1-نەشرى، 54-بەت.

⑬ ئابدۇلھېمىت يۈسۈفى: «ئۇيغۇر خەلق مىمارچىلىقىدىكى گۈمبەز، قۇببە، مۇنار شەكىللىرى»، «جاھاننامە» B1، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986-يىل 7-ئاي 1-نەشرى، 914-بەت.

⑮، ㉟ ئەنۋەر تۇرسۇن ئەپەندى: «ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرىدىن ئۆرنەكلەر»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007-يىل 3-ئاي 1--نەشرى، 233-، 235-بەت.

⑯، ⑰، ⑱ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984-يىل ئۇيغۇرچە 1-نەشرى، 3-توم، 176-، 523-بەت، 2-توم، 23-بەت.

⑲ ئىسمائىل تۆمۈرى: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998-يىل 12-ئاي 1-نەشرى، 281-بەت.

㉓ مەتسەيدى مەتقاسىم: «تارىمدىكى مەدەنىيەت ئارىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2011-يىل 11-ئاي 1-نەشرى، 170-بەت.

㉕ ئابدۇللا سۇلايمان: «ئىزدىنىش مەنزىللىرى» (ماقالىلەر)، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى، شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن-سىن نەشرىياتى، 2011-يىل 8-ئاي 1-نەشرى، 462-بەت.

㉗ نۇشىرۋان يائۇشېۋ (ئۆمەرجان نۇرى، ئابلىز ئورخۇن نەشرگە تەييارلىغان): «ئالتە شەھەر مەكتۇپلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2013-يىل 8-ئاي 1-نەشرى، 228-بەت.

㉙ ئۆمەرجان ئىمىن: «تارىمنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006-يىل 1-ئاي 1-نەشرى، 158-بەت.

㉛ ئابدۇقەييۇم مۇھەممەد: «كوسراپلىقلارنىڭ ئۆزگىچە ئۆرپ-ئادەتلىرى»، «مىراس ژۇرنىلى»، 2013-يىل 5-سان، 53-بەت.

㉜ ئابدۇبەسىر شۈكۈرى، سۇلايمان ھېلمىنياز: «پالنامە ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا قاراشلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىل 9-ئاي 1-نەشرى، 51-بەت.

㉝ موللا مىرسالىھ كاشغەرىي: «چىڭگىزنامە»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1986-يىلى 2-ئاي 1-نەشرى، 11-بەت.

㉞ موللا مۇسا سايرامى (ئەنۋەر بايتۇر نەشرگە تەييارلىغان): تارىخىي ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007-يىل 9-ئاي 1-نەشرى، 54-بەت.

㊱ مۇستاپا مۇھەممەد قاتارلىقلار تۈزگەن: «چاقماق دەريا ۋادىسىدىكى گۆھەر زېمىن»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007-يىل 2-ئاي 1-نەشرى، 296-بەت.

㊲ جۇاڭ كۇڭشياۋ تۈزگەن: «ئىنسانشۇناسلىقتىن ئومۇمىي بايان»، خەنزۇچە، شەنشى مائارىپ نەشرىياتى، 2004-يىل 7-ئاي 1-نەشرى، 151-بەت.


(ئاپتور: ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا)

# «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تىكى ئاياللارنىڭ ھۈنەر- كەسپىگە ئائىت بايانلار





ئىسرائىل مۇتىللا

ئۆزىدىكى مول تىل، تارىخى مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرى قاتارىدا تائام مەدەنىيىتىمىزگىمۇ تېگىشلىك ئورۇن بەرگەن «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىمىزنىڭ مۇھىم تۈرلىرىدىن بىرى بولغان ئەتمەك (نان) ھەققىدە قالدۇرۇلغان بايانلار كۆپ سالماقنى ئىگىلىگەن. ئەتمەككە ئائىت بايانلار شۇ دەۋردىكى دېھقانچىلىقنىڭ تەرەققىياتى. ئۆي قۇرۇلۇشى، شۇنداقلا يېمەك-ئىچمەك بىلەن چىتىشىپ كېتىدىغان بىر قىسىم ھۈنەر كەسىپلەر، ئۇسكۈنە-سايمانلار ھەققىدىمۇ زەنجىرسىمان مەلۇماتلارنى بىللە بايان قىلىشى بىلەن دىققىتىمىزنى تېخمۇ تارتىپ تۇرىدۇ. مەزكۇر ماقالىدە ئەتمەك (نان)غا ئائىت بايانلارنى ئالدى بىلەن ئەتمەك يېقىلىدىغان ھەر خىل ئوچاق ۋە تونۇرلاردىن باشلاشنى «دىۋان»دىكى ئەتمەككە ئائىت بايانلار توغرىسىدا مەلۇم چۈشەنچىلەرگە ئېرىشىمىزنىڭ مۇقەددىمىسى دەپ قارىدۇق.

### «دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان ئوچاق ۋە تونۇرلار

«دىۋان»دا يېمەكلىك، تاماق پېشۇرۇش، جۈملىدىن ئەتمەك (نان) يېقىشتا ئىشلىتىدىغان ھەر خىل ئوچاق ۋە تونۇرلار توغرىسىدىمۇ كۆپلىگەن بايانلار بار. ئەتمەك (نان)لەر مەخسۇس كەسپى ئەتمەكچىلەر (ناۋايلار) تەرىپىدىن تونۇردا يېقىلىشتىن تاشقىرى يەنە ئائىلە ئاياللىرى ئۆز ئۆيىدىكى تونۇر ۋە ئوچاقلار ئارقىلىقمۇ يېقىپ ئىستېمال قىلىشقان. ئوچاق بىر ئائىلە ئۈچۈن ئىسسىنىش ۋە تاماق ئېتىشتە مۇھىم روللارنى ئوينايدىغان بولغاچ، كىشىلەر ئۆيلىرىدە ئوچاق سېلىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن، شۇنداقلا ئوچاق سېلىشنى بىر ئۆينىڭ پۈتۈپ چىقىشىدىكى ھالقىلىق باسقۇچلىرىدىن دەپ قاراشقان.

«ئوچاق» ①. ئوچاقلاندى. ئوچاقلىق بولدى. ئەۋ ئوچاقلاندى — ئۆي ئوچاقلىق بولدى» ②. بۇ بايانلار ئوچاقنىڭ كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى تاماق ئېتىش ۋە ئىسسىنىشىدىن ئىبارەت رولى ھەققىدە ئۇچۇر بېرىدۇ. «ئوچاقلىق يەر» ③ دېگەن بايان بىزگە ئوچاقنىڭ ئۆينىڭ خالىغان يېرىگە سېلىنىدىغان قۇرۇلما بولماستىن بەلكى مۇۋاپىق ئورۇن بېكىتىلىپ، كېرەكلىك ماتېرىياللار بىلەن تولۇقلىنىپ تەييارلىنىپ، پىشقان ئۇستىلارنىڭ قولى بىلەن پۈتۈپ چىقىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. بەزى ئۆيلەردە مۇقىم ياسالغان ئوچاقلاردىن باشقا ئىسسىنىش ۋە باشقا ئىشلار سەۋەبىدىن يەنە كۆچمە ئوچاقلارمۇ

ئىشلىتىلگەن. بۇ خىل ئوچاقلار ئورۇننى كۆپ ئىگىلىمەي-
دىغان، ئېھتىياجغا قاراپ پايدىلىنىدىغان، ئەڭ مۇھىمى كۆ-
چۈشكە ئەپلىك بولغاچ كۆپلەپ ئىشلىتىلگەن. «كۆچۈرمە.
كۆچۈرمە ئوچۇق ــ كۆچۈرمە ئوچاق. بىر يەردىن ئىك-
كىنچى بىر يەرگە يۆتكىگىلى بولىدىغان ئوچاق» ④ دې-
يىلگىنى يۇقىرىقى بايانلىرىمىزنىڭ ئىسپاتىدۇر. ئەمما
مۇقىم ئوچاقلار بىلەن كۆچمە ئوچاقلارنىڭ ماتېرىيال ۋە
قۇرۇلمىسى ئوخشاش بولمىغان. مۇقىم ئوچاقلار توپا،
سۇ، كېسەك، سېغىز بىلەن ياسالغان بولسا كۆچمە ئوچاق-
لار تۆمۈر بىلەن ياسالغان. «ئوچاقلىق تىتىك ـ ئوچاق
سېلىشقا ئىشلىتىدىغان سېغىز لاي ۋە باشقا نەرسىلەر» ⑤،
بۇ ئۆي ئىچىدىكى مۇقىم ياسالغان ئوچاقلارنىڭ ماتېرىيا-
لىنى كۆرسىتىدۇ. «ئۆركۈچ. تۆمۈر ئوچاق. ئۇچئاياغ»
⑥ بولسا دەل كۆچمە ئوچاقلارنىڭ ماتېرىيال ۋە قۇرۇل-
مىسىدىن خەۋەر بېرىپ كېلىدۇ. «ئۆركۈچلەندى. ئاغىش
ئۆركۈچلەندى ــ قازان ئۈچ پۇتلۇق ئوچاققا ئېسىلدى»



⑦ دېيىلگەن بايان كۆچمە ئوچاقلارنىڭ ئائىلىدە مۇقىم
ئوچاقلارغا ئوخشاشلا كەڭ قوللىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ
كېلىدۇ. «دىۋان»دا يەنە تونۇرلارنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە
رولى ھەققىدە بايانلار ئۇچرايدۇ. شۇ دەۋردە تونۇرلار-
نىڭ ياسىلىشى، ماتېرىيالى ھەر خىل بولۇپ، يەنە تەبىئىي
شارائىتلارمۇ تونۇرلارنىڭ ياسىلىشىدا مۇھىم روللارنى
ئوينىغان «ئاۋران. كان ئوچاق. تۆمۈرچى ئوچىقى شەك-
لىدە ياسىلىدىغان تونۇر»⑧ دېيىلگەن بايان بىزگە قۇرۇل-
ما جەھەتتە باشقىچە بىر تونۇر ھەققىدە ئۇچۇر بېرىدۇ. بۇ
ئوچاقلار ئاشچ (قازان) ئېسىشقا ماسلاشتۇرۇپ ياسالغان
بولۇپ، مۇئەييەن ئۆلچەمدە، مۇۋاپىق ئېگىزلىكتە ياسال-
غان تەنگۈچ. تۆمۈر ئوچاق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يېرىم
گەز ئېگىزلىكتىكى ھەرقانداق نەرسە»⑨ دېگەن باياندىن
تۆمۈر ئوچاقتىن ئېلىنىپ مۇئەييەن ئېگىزلىكنى ئاتاشقا
ئىشلىتىلىدىغان ئاتالغۇدىن خەۋەردار بولىمىز. «ياڭ. ئەن-
دىزە قىلىپ ھەرقانداق نەرسىنىڭ پىچىمى شۇنىڭغا ئاسا-
سەن ئۆلچىنىپ ياسىلىدۇ. بۆرك ياغىى ــ بۆك ئەندىزى-
سى. بۇ مۇنداق بولىدۇ. قەغەز قانات شەكلىدە ياكى ئۈچ
بۇرجەك قىلىپ كېسىلىدۇ ياكى ئويۇلىدۇ ياكى لايدىن
يۇمىلاق تونۇر شەكلىدە بىر قېلىپ ياسىلىدۇ. بۆكنىڭ
يىپەك رەختى شۇنىڭغا ئۆلچىنىپ كېسىلىدۇ. ھەرقانداق
نەرسىنىڭ قېلىپىمۇ شۇنداق» ⑩. (3-توم، 493-بەت).
مەزكۇر باياندا تونۇرلارنىڭ يۇمىلاق قىلىپ ياسىلىدىغانلى-
قى مەلۇم. بەزى تونۇرلار يەرنى قېزىپ ياسالغان. چۈنكى
«دىۋان»دا يەر كۈچ دېگەن ئەسۋابنى ئىزاھلاپ كېلىپ،
«يەر كۈچ. يەر تونۇرىدىكى ناننى ئۆرۈپ-چۆرۈپ تۇ-
رۇشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن قىلىچقا ئوخشاش ياپىلاق ۋە ئۇ-
زۇنچاق قىلىپ ياسالغان ياغاچ پالاق»⑪ دېگەن بايانلار
ئۇچرايدۇ. بۇ يەردىكى يەر تونۇرى يەر ئۈستىگە مۇقىم
قىلىپ ياسالغان تونۇرنى ياكى يەرگە قېزىلىپ ياسالغان
تونۇرنىمۇ كۆرسىتىشى مۇمكىن. تۆۋەندىكى بايان بۇ قا-
رىشىمىزنى تەستىقلاپ كېلىدۇ. كۆرپلەدى. قاقلىدى.
كاۋاپ قىلدى. ئول قوزى كۇرپلەدى ــ ئۇ قوزىنى قاقلى-
دى. يەنى يەردە ئورەك كولاپ قوزىنى كاۋاپ قىلدى»
⑫. دېمەك، «يەر كۈچ» ئاتلىق ياغاچ پالاق دەل مۇ-
شۇنداق قېزىپ ياسالغان تونۇر، ئوچاقلاردا ئىشلىتىلىد-
غان ئەسۋابتىن ئىبارەت. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىي-
نەزەر «يەر تونۇرى» دېگەن بۇ ئۇچۇر يەنە «ئۆركۈچ»

دېگەن ئۈچ پۇتلۇق ئوچاققا ئوخشايدىغان، يۆتكىلىدىغان ئاسما تونۇرنىڭ بارلىقىدىنمۇ ۋاستىلىك خەۋەر بېرىپ كېلىدۇ، شۇنداقلا تونۇرلارنىڭ يەنە نوقۇل ئەتمەك (نان) يېقىلىشتىن تاشقىرى باشقا ئىشلارغىمۇ (مەسىلەن، چوڭ كالا، تۆگە، قويلارنى كاۋاپ قىلىش)قا ئىشلىتىلىدىغانلىقىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ. ئوچاقلارنىڭ ئائىلىدىكى رولى دائىملىق ئىشلىتىلىپ تۇرۇشىدەك ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ تاماق ئېتىشتىن تاشقىرى يەنە ئەتمەك (نان) تۈرىدىكى بىر قىسىم يېمەكلىكلەرنى تېز سۈرئەتتە مەسىلەن، كۆزمەن «كۆمەچ» قاتارلىقلارنى يېقىش، كۈلگە كۆمۈش ئارقىلىق تەييارلاش جەھەتتە ئارتۇقچىلىققا ئىگە بولغان. ئوچاقلاردا يېقىلغان ئەتمەك (نان)لار پەقەت شۇ كۈنلۈك تۇرمۇشنى قامداشنى مەقسەت قىلغان. تونۇرلار بولسا مەخسۇس ئوت يېقىش، قىزىتىش ئارقىلىق ئەتمەك (نان) يېقىلغان، تونۇرلاردا يېقىلغان ئەتمەك (نان)لار ئۇزاق مۇددەتلىك تەييارلىقنى ئاساسىي مەقسەت قىلمىغان. ئائىلە تونۇرلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى ئوچاقلارغا قارىغاندا ئاز بولغان، ئەمما مەخسۇسلاشقان ئەتمەك (نان) ياقىدىغان كەسپىي ئەتمەكچى (ناۋاي) لارنىڭ تونۇرلىرى بولسا ئىشلىتىلىش جەھەتتە ئائىلە تونۇرلىرىغا قارىغاندا كۆپ ئىشلىتىلگەن.

«دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان ئەتمەكلەرنىڭ تۈرلىرىگە قارىغاندا كىشىلەرنىڭ ئەتمەكلەرگە بولغان ئېھتىياجىنىڭ ھەر خىل بولۇشى سەۋەبلىك ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئوچاق ياكى تونۇرلار ياسالغان. ئوخشاش بولمىغان تونۇر ۋە ئوچاقلاردا ئوخشىمىغان ئەتمەك (نان)لار يېقىلغان. مەسىلەن، كۆمەچ تۈرىدىكى ئەتمەك (نان)لار ئوچاق ۋە ئۆركۈچ (يەر تونۇرى)دا پىشۇرۇلغان. يەر ئۈستىگە تەييارلانغان تونۇرلاردا چۆرەك، توقاچ، قاقۇرغان گىردە قاتارلىقلار ئەتمەك (نان)لارنىڭ ناملىرى

«دىۋان»دا شۇ دەۋردىكى يېمەك-ئىچمەككە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن بايانلار قاتارىدا خېلى كۆپ ئەتمەك (نان)لەرمۇ تىلغا ئېلىنغان. ئەتمەك (نان)لەر ئوخشاش بولمىغان قەبىلە شىۋىلىرىدە ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتالغان. بۇ بايانلاردىن مەلۇمكى شۇ دەۋرلەردە كىشىلەرنىڭ شۇغۇللانغان ئىقتىسادىي ئىگىلىكى ئەتماك (نان) خۇرۇچلىرىنىڭ مەنبەسىنىڭ ئوخشىماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شارائىتى، ياشاش مۇھىتى ئوخشاش بولمىغان رايونلاردىكى كىشىلەرنىڭ ئەتمەك ئىستېمال قىلىشى، ئەتمەكلەرنىڭ تۈرىنىڭ كۆپ خىل بولۇشى قاتارلىق تەرەپلەرگە تەسىر كۆرسەتكەن. خۇرۇچلىرىنىڭ تۈرلۈك بولۇشى ئەتمەكلەرنىڭ شەكلى، تەمىگىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

«دىۋان»دا بارلىق نان تۈردىكىلەرنىڭ ئومۇملاشقان نامى — ئەتمەك دەپ ئاتالغان. «ئەتمەك. نان»[13] بۇنداق دېيىشىمىزدىكى سەۋەب باشقا ناملاردىكى نانلارنى ئىزاھلاپ ئۆتكەندە ئاخىرىسىغا «ئەتمەك» ئىبارىسى قوشۇمچە قىلىنغان. ئەڭ مۇھىمى ھازىرقى زامان تىلىمىزدا نان ياقىدىغان كىشىنى بىلدۈرىدىغان ناۋاي ئاتالغۇسىنىڭ قەدىمكى نامىنى «ئەتمەكچى — ناۋاي» دەپ ئىزاھلىغان. بۇ بايانلار شۇ دەۋردە نان تۈرىدىكى بارلىق يېمەكلىكلەرنىڭ «ئەتمەك» دەپ ئاتالغانلىقىنى تەستىقلاپ كېلىدۇ. بىر قىسىم قەبىلە شىۋىلىرىدە ئەتمەك ئاتالغۇسى شىۋە تۈپەيلىدىن ھەرىپ ئالماشتۇرۇلۇپ ئېيتىلغان. مەسىلەن، «ئەپمەك. نان. ياغما، توخسىلارنىڭ ۋە بەزى ئوغۇز، قىپچاقلارنىڭ سۆزى»[14]. گەرچە بىر ھەرىپ ئوخشىمىسىمۇ بۇ بايان ئىلى ۋادىسى، ئىسسىقكۆل ئەتراپى ۋە قىپچاق بۇز قىرلىرىدىكى قەبىلە-ئۇلۇسلارنىڭمۇ ئەتمەك ئاتالغۇسىنى ئورتاق قوللىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. «ئەپەك. باللار تىلىدا ‹نان دېمەكتۇر›»[15] دېگەن بايان بىزگە مەركىزىي شىۋىلەردە ئەتمەك (نان) ئاتالغۇسىنىڭ باللار تىلىدىكى چۈچۈك ئاتىلىشى ھەققىدە بەزى مەلۇماتلارنى بېرىدۇ.

«دىۋان»دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا «ئەتمەك» ئاتالغۇسى بىر قىسىم رايون، قەبىلە-ئۇلۇسلاردا ھەرىپ ئالماشتۇرۇپ قوللىنىشتىن تاشقىرى ئەسلىي مەنىسىدىن ھالقىپ تۇرۇپ قوللىنىلغان. «دىۋان»دا ئەتمەك (نان) نامى بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغان يېمەكلىكلەر ئارىسىدا بىزنىڭ ئەنئەنىۋى چۈشەنچىمىز بويىچە نوقۇل ئوچاق ياكى تونۇرغا يېقىلىدىغان ئەتمەك (نان)لاردىن باشقا قازاندا قاينىتىلىپ پىشۇرۇلىدىغان تاماق تۈرلىرىگىمۇ كىرىدىغان، ئەمما ئەتمەك (نان) ئاتالغۇسى بىلەن تىلغا ئېلىنغانلىرىمۇ بار، بۇ بايانلارغا قارىغاندا ئەتمەك (نان) ئاتالغۇسى بەزى قەبىلە ياكى رايونلاردا بىر قەدەر كەڭ مەنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. «قارا ئەتمەك. نانىنىڭ بىر خېلى. ئۇ مۇنداق تەييارلىنىدۇ. گۆش ئېزىلگۈچە پىشۇرۇلىدۇ. كېيىن ئۈستىگە سېرىق ياغ، شېكەر قويۇلۇپ ئارىلاشتۇرۇلۇپ،



قويۇلغىچە قاينىتىلىدۇ. ئاندىن يېيىلىدۇ»[16]. بۇ باياندا مەلۇم بىر خىل ئۆزگىچە ئەتمەك (ئەمەلىيەتتە بۇگۈنكى چۈشەنچىمىز بويىچە بىر خىل تاماق) ئارقىلىق شۇ دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلىدۇ. بۇ خىل ئەتمەكنىڭ سۈپىتى بولغان «قارا» سۆزى بىلدۈرگەن بىر قىسىم مەنىلەرگە قارىغاندا بۇ خىل ئەتمەك چەت جايلاردىكى قەبىلىلەرنىڭ مەلۇم بىر خىل يېمەكلىككە ئەتمەك (نان) سۆزىنى قوشۇپ ئەتمەكنىڭ ئەسلىي مەنىسىدىن ھالقىتىپ ئىستېمال قىلغانلىقىنى بىلدۈرسە قارا سۆزىنىڭ يەنە بىر قىسىم مەنىلىرى ۋە بۇ خىل ئەتمەكنىڭ خۇرۇچلىرىغا قارىغاندا بۇ يۇقىرى قاتلامدىكى، ھېچ بولمىغاندا باي-باياشات كىشىلەرنىڭ ئەتمەك ئاتالغۇسىنى تېخىمۇ كەڭرى مەنىگە ئىگە قىلىپلا قالماي، يەنە ئەتمەكلەرنىڭ تۈرلىرىنىڭ كۆپ خىل بولۇشىغا ئىجادىي ھالدا يېڭى تۈرلەرنى قوشقانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. «دىۋان»دا «ئەتمەكلەندى. نانلىق بولدى»[17]. «ئۇۋۇش ئەتمەك. ئۇۋاق نان»[18] دېگەنگە ئوخشاش ئىزاھاتلار ئەتمەك ئاتالغۇسىنىڭ چوڭ بىر نام ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ.

## ئەتمەك (نان)لەرنىڭ خۇرۇچلىرى

«دىۋان»دىكى بايانلارغا قارىغاندا نان (ئەتمەك) ئېتىلىش ئۇسۇلى، كېتىدىغان ماتېرىيالى، خۇچۇرلىرىغا قاراپ ئوخشىمىغان ناملار بىلەن ئاتالغان. ئەتمەك ئاتالغۇسى نانلارنىڭ ئومۇمىي نامى بولغان. ئەتمەكلەر چۆرەك، توقۇچ (توقاچ)، يۇغا، قاقۇرغان (قاتلىما)، پۇشكەل (پوشكال)، پۇسكەچ، كاكچا، كۆزمەن (كۆمەچ) قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتالغان.

شۇ دەۋردە شارائىت ۋە ئېھتىياجغا ئاساسەن خېمىرى بولدۇرۇلغان ۋە بولدۇرۇلمىغان (پېتىر) ئەتمەكلەر تەييارلانغان. ئالدى بىلەن يېقىلىدىغان نانغا كېتىدىغان ئۇن، سۇ، تۇز خېمىرتۇرۇچ يەنە بەزى ئەتمەك (نان)لەر ئۈچۈن مۇۋاپىق گۆش، ياغ، شېكەر قاتارلىقلار تەييارلانغان. ئەتمەكلەرنىڭ ئاساسلىق خۇرۇچلىرىدىن بىرى بولغان ئۇن ھەر خىل زىرائەتلەرنىڭ ئۇنلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇغداي، تېرىق، ئارپا، قوناق ۋە باشقا زىرائەتلەرنىڭ ئۇنلىرىدا ئەتمەكلەر ئېتىلگەن. بەزى ۋاقىتلاردا بىر قانچە خىل زىرائەتلەرنىڭ ئۇنى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئەتمەك ئېتىلگەن ئاۋزورې. «بۇغداي ۋە ئارپا ئۇنى قاتارلىق نەرسىلەر ئارىلاشتۇرۇلۇپ قىلىنغان تاماق (قوشۇقلۇق نان)»[19]. ئىبارىسى بىزگە شۇ دەۋردە ئەتمەكلەرنىڭ ھەر خىل ئۇنلاردىن ئايرىمچە تەييارلىنىپ ئېتىلىشتىن تاشقىرى يەنە ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئېتىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

ئەتمەك تونۇرغا يېقىلىشتىن ئاۋال ھەر خىل ئۇنلاردىن ئېتىلىدىغان ئەتمەكلەرنىڭ تۈرلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن خېمىر تەييارلاشقان. «دىۋان»دا خېمىر يۇغۇرۇش ھەققىدىكى بايانلارمۇ بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، بۇ بايانلار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تاماق تەييارلاش ئىشلىرىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇ توغرىسىدا كۆپ توختالماي پەقەت ئەتمەك خېمىرىغا ماس كېلىدىغان تۆۋەندىكى مىسالنى ئېلىنىشلا لايىق كۆرۈلدى. ئۆزلەدى. ئۆزلۈك قىلدى. ئول ئۇنۇغ ئۆزلەدى — ئۇ خېمىرنى چەيلەپ ئۆزلۈك قىلدى»[20]. ئەتمەكنىڭ زۇۋۇلىسى تەييار بولغانلىقى ھەققىدىكى «تۇرمەكلەندى. تۇرمەل قىلىندى. ئەتمەك تۇرمەكلەندى — نان تۇرمەل قىلىندى»[21] دېگەن بايانى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. «چۆرەكلەندى. توقاچ قىلدى ئول ئۇنۇغ چۆرەلەندى — ئۇ ئۇننى توقاچ قىلدى»[22] دېگەن بايان بولسا ھەر خىل ئۇنلاردىن تەييار بولغان توقاچقا مىسال بولۇپ كەلگەن. ياخشى ئۇندا تۇجۇپىلەپ يۇغۇرۇلغان ئەتمەك خېمىرىدىن تەييار بولغان ئەتمەككە مۇنۇ بايان ماس كېلىدۇ. «كەۋشەدى. كۆشىدى. يۇمشىدى. خېمىرى ئوخشىغان، ئوبدان پىشۇرۇلغان مايلىق ناننى «كەۋشەك ئەتمەك» دېيىش شۇنىڭدىن ئېلىنغان»[23]. سۇمە. ئۇندۇرمە، ئۇندۇرمە قىلىنغان بۇغداي. قۇرۇتۇلغاندىن

كېيىن ئۇن تارتىلىپ، ئۇنىڭدىن تالقان ۋە نانغا ئوخشاش نەرسىلەر تەييارلىنىدۇ. بوزا ئىچىتقۇسى ياسىلىدىغان ئارپا ئۇندۇرمىسىگىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.㉔ دېگەن بايان بەزىدە ئەتمەك ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئۇننىڭ سۈپەتلىرى ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

دىيارىمىزدا ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلار ۋە نۇقتىلىق قېزىپ تەكشۈرۈش داۋامىدا تېپىلغان ماددىي بۇيۇم ۋە نەرسىلەر، يېمەكلىكلەر ئارىسىدا ئەتمەكلەرمۇ بايقىلىۋاتىدۇ. بۇ خىل ئەتمەكلەر ئىچىدە تېرىق ۋە بۇغداي ئۇنىدىن ئېتىلگەنلەر بىر قەدەر كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ تېپىلمىلار تېرىق ۋە بۇغداي ئۇنىدا نان يېقىشنىڭ تولىمۇ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلاردا تېپىلىۋاتقان ئەتمەكلەردىن مەلۇمكى ئەتمەك (نان)لەرگە يەنە كۇنجۇت، سىيادانىلار سېپىلگەن. «دىۋان»دا بۇ خۇرۇچلارنىڭ بىرى بولغان «سۇنۇ. سىياھدان»㉕ ھەققىدىمۇ مەلۇماتلارنى بېرىدۇ. «دىۋان»دا خېمىرتۇرۇچ توغرۇلۇق بىۋاستە مەلۇمات يوق ئەمما، ۋاستىلىك بايانلار تىلغا ئېلىنىدۇ. «كۆرسدى. توشتى، تاشتى. يىگىت قانغا كۆرسدى ــ يىگىت قانغا تولدى. سەمرىدى، قۇرامىغا يەتتى. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى ھەرقانداق بىر قاچىغا بىر نەرسە تولدۇرۇپ بىرەر سائەت ئۆتۈشى بىلەن قاچىغا سىغماي تېشىپ كېتىش دېگەن مەنىدىدۇر. مەسىلەن، خېمىر ئىچىتقۇ ياخشى بولسا قاچىغا سېلىنىپ بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، كۆبجۈپ قاچىدىن تېشىپ كېتىدۇ»㉖ ئۇنىڭدىن باشقا خېمىرتۇرۇچ سېلىنىپ ئېتىلىدىغان نانلار توغرىسىدىكى بىر بايان خېمىرتۇرۇچنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ. «كۆۋشەگ. كۆۋشەگ ئەتمەك ــ بولدۇرۇلغان نان»㉗ ئىبارىسىگە قارىغاندا خېمىرتۇرۇچ ئىشلىتىلىپ بولدۇرۇلۇپ يېقىلغان ھەر خىل ئەتمەكلەر «كۆۋشەگ» دەپ ئاتالغان. نانلارنى يېقىش ئالدىدا يېقىلماقچى بولغان نانلارنىڭ تەييارلىقى ئېلىپ بېرىلىپ خېمىرلار يۇغۇرۇلۇپ مۇۋاپىق خېمىرتۇرۇچلار قوشۇلغان خېمىرتۇرۇچ سېلىنىپ ئېتىلگەن ئەتمەكلەرگە ئاساسەن چۆرەك، توقاچ، سىنچۇ، گىردە، ھەمەك، يۇغا، قاقۇرغان قاتارلىقلار، خېمىرتۇرۇچ سېلىنماي تەييارلانغان ئەتمەكلەگە پۇشكەل، كۆزمەن قاتارلىقلار كىرگەن.

ئەتمەكلەر قوشۇمچە خۇرۇچلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ مايلىق ۋە مايسىز ئەتمەكلەر دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلغان. بىر قىسىم ئەتمەكلەرنىڭ خېمىرىگە مايلار ئارلاشتۇرۇلۇپ تەييارلىنىشقا. بۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مىسالنى يەنە تەكرارلاشنى توغرا تاپتۇق. «كەۋشەك ئەتمەك. خېمىرى ئوخشىغان، ئوبدان پىشۇرۇلغان مايلىق نان» (23-ئىزاھ بىلەن ئوخشاش) دېيىلگەن ئۇچۇر بىلەن ئايان بولىدۇ، يەنە باشقا بىر قىسىم ئەتمەكلەر مەسىلەن، ھەمەك، سىنچۇ، چوقمىن ۋە قاتلىما تۈرىدىكى ئەتمەكلەرگىمۇ مايلار قوشۇلغان.

### ئەتمەكلەرنىڭ ھەجمى

ئەتمەكلەر شەكىل جەھەتتە يۇملاق بولۇپ، «تەگىرمە. تەگىرمە نانى ــ دۈگىلەك نەرسە. توقاچ. تۈگمەن تېشى ۋە تەڭگىگە ئوخشاش دۈگىلەك نەرسە»㉘ دېيىلگەن باياندىن توقاچتىن باشقا ئەتمەكلەرنىڭ دۈگىلەك بولۇشتىن تاشقىرى باشقىچە شەكىل چىقىرىلىپمۇ ئېتىلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى ئەتمەكلەر گەرچە يۇملاق بولسىمۇ يۇقىرىقى نەقىلدە دۈگىلەك نەرسىگە ئەتمەكلەر ئىچىدە توقاچلا مىسال قىلىنغان. ھەجىم جەھەتتە ئەتمەكلەر ھەر خىل بولۇپ، كىچىكلىرى چۆرەك، توقاچ دەپ ئاتالغان.

شۇ دەۋردە گىردىنىڭ نېمە دەپ ئاتالغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. ئەمما «دىۋان»دا «سىنچۇ» دېگەن ئەتمەكنى «سىنچۇ. گىردە بىلەن ھەمەك ئارىسىدا بولغان بىر خىل نان. خۇيلىما»㉙ دېگەن چۈشەندۈرۈشكە قارىغاندا ھەجمى كىچىك گىردە نانلارمۇ بولغان. يۇقىرىقى بايان ھەجىم ۋە ماتېرىيال جەھەتتە سىنچۇ دېگەن ئەتمەكنىڭ گىردە بىلەن ھەمەك ئوتتۇرىسىدىكى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار بۇ قاراشنى دەلىللەپ كېلىدۇ. 1972-، 1973-يىللىرى تۇرپان ئاستانە قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىكى تاڭ سۇلالىسى دەۋرى (مىلادى 618-، 906-يىللار)گە تەۋە 187-ۋە 191-نومۇرلۇق قەبرىلەردىن دىيامېتىرى 3.9 سانتىمېتىر كېلىدىغان. يۈزىگە كۇنجۇت سېپىلگەن ئىككى بۇغداي توقاچى قېزىۋېلىنغان㉚ بولۇپ، توقاچ تۈرىدىكى كىچىك ئەتمەكلەرنىڭ ماددىي ئىسپاتىدىن ئىبارەت.

«دىۋان»دىكى مەلۇماتلار ۋە ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلارغا قارىغاندا قەدىمدە ئەتمەكلەرنىڭ كۆپ قىسمى تومقىلىپ يېيىلگەن بولماستىن بەلكى نېپىز يېيىلگانلىرى كۆپ

سالماقنى ئىگىلىگەن. بولۇپمۇ يۇغا (قاتلىما) تۈرىدىكى
ئەتمەكلەر ئاساسەن نېپىز بولغان. بۇ يېيىشلىك ۋە سىڭىش-
لىك بولۇشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان. «چۇقمىن. ھور
نانىڭ بىر خىلى. نېپىز ۋە سىڭىشلىك كېلىدۇ»㉛.
«قاتما. قاتما يۇغا-قاتلىما، ياغدا پىشۇرۇلغان نېپىز نان» ㉜.
«يالا. تۆھمەت. نېپىز قاتلىما نانمۇ ‹يالاچى يۇغا-تۆھمەت-
چى نان› دېيىلىدۇ. بۇ نانىڭ نېپىزلىكىدىن قول تېگە-
تەگمەيلا ئۇشتۇلۇپ ئۇۋۇلۇپ كېتىشكە قاراپ ئېيتىلغان.
شۇڭا ناۋاي كىشىلەرنى بۇنى سەن سۇندۇردۇڭ دەپ
ئەيىبلەيدۇ»㉝. يەنە بىر قىسىم ئەتمەكلەر، بولۇپمۇ
«توقۇچ، توقاچ» تۈرىدىكى ئەتمەكلەر قېلىن يېپىلغان،
يەنە بەزى بىر قىسىم گىردە تۈرىدىكى ئەتمەكلەر ئوتتۇ-
رىسى نېپىز، چۆرىسى قېلىن قىلىپ يېپىلغان. 1972-يىلى
تۇرپان ئاستانە قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىكى تاڭ سۇلالىسى
دەۋرى (مىلادى 618-، 906-يىللار)گە تەۋە 149-نو-
مۇرلۇق قەبرىدىن ئوتتۇرىسى نېپىز، گىرۋىكى قېلىن
كەلگەن بىر دانە بۇغداي نېنى قېزىۋېلىندى㉞. بۇ بايان
بىزگە شۇ دەۋردە ئىستېمال قىلىنغان گىردە تۈرىدىكى
ئەتمەكلەرنىڭ ھەجمى شەكلى ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچىگە
كېلىشىمىزگە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

## توقاچ تۈرىدىكى ئەتمەكلەر

«دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان ئەتمەكلەر ئىچىدە
توقاچ تۈرىدىكىلەر بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، توقاچلارنىڭ
نامىمۇ ھەر خىل «چۆرەك توقاچ»㉟. «پۇسكەچ.
كاكچا» ㊱ «توقۇچ. توقاچ»㊲ بۇ بايانلار ئىچىدە
«تۇقۇچ ــ توقاچ» ئاتالغۇسىدىكى ئەتمەكنىڭ ئۆزگىچە
چۈشەندۈرۈلۈشى دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. «توقۇچ. توقاچ.
بۇ سۆز «توق ئەر ــ توق ئادەم» دېگەن ئىبارىدىكى
«توق» سۆزىدىن ياسالغان. چۈنكى توقاچ ئادەمنى
تويۇندۇرىدۇ»㊳. بىز بۇ بایاندىن توقاچ ئاتالغۇسىنىڭ
كېلىپ چىقىشىنى، شۇنداقلا شۇ دەۋردە توقاچنىڭ كىشى-
لەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى ئاساسلىق يېمەكلىك ئى-
كەنلىكىنى بىلەلەيمىز. بەلكىم شۇ دەۋردە توقاچلارنىڭ
تۈرلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى ئۇنىڭ خۇرۇچى ۋە شەكلى
بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. «چۆرەك توقاچ»قا
قارىغاندا «توقۇچ. توقاچ» بىر قەدەر قەدىمىي ئاتالغۇ
بولۇپ ئەركەكلەرنىڭ قورسىقىنىڭ توق بولغانلىقىنى بىلە-
دۈرىدىغان «توق» ئاتالغۇسىغا مەلۇم بىر سۆز ياسىغۇچى
قوشۇمچە دەپ قاراشقىمۇ بولىدىغان ۋە ياكى مەلۇم بىر
خىل ئەڭ دەسلەپكى ئەتمەكنى بىلدۈرىدىغان «ۇچ» قو-
شۇلۇپ ياسالغان دەپمۇ تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ. «چۆرەك ــ
توقاچ» ئاتالغۇسى بەلكىم خۇرۇچى باشقىچە بىر خىل
توقاچ بولۇشىمۇ ۋە ياكى بىرەر شۆيدىكى توقاچنىڭ نا-
مىمۇ بولۇشى مۇمكىن. توقاچلا مەخسۇس تونۇرلاردا يې-
قىلغان، بەزى توقاچلارغا چەككۈچ ئارقىلىق گۈللۈك شە-
كىللەر چۈشۈرۈلگەن، يەنە بەزى توقاچلارغا مۇۋاپىق خۇ-
رۇچلار قوشۇلۇپ، ئوزۇقلۇق قىممىتى ئاشۇرۇلغان،
توقاچ ئىبارىسىگە بېرىلگەن ئىزاھات بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلار ۋە نۇقتىلىق قېزىپ
تەكشۈرۈش داۋامىدا تېپىلغان توقاچ تۈرىدىكىلەردىن
1995-يىلى قۇمۇل قارادۆۋە قەبرىستانلىقتىكى 151-نو-
مۇرلۇق تېرىق توقىچى قېزىۋېلىندى. مەزكۇر قەبرىستان-
لىقنىڭ دەۋرى بۇنىڭدىن 3200 يىللار بۇرۇنقى زامانلارغا
توغرا كېلىدۇ ㊴. 1985-، 1989-ۋە 1996-يىللار
چەرچەن زاغۇنلۇق 1-نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىكى 2-
مەزگىلگە تەۋە قەبرىلەردىن تېرىق توقاچلىرى قېزىۋېلىن-
دى، 1984-يىلى لوپ ناھىيەسىدىكى سامپۇل قەدىمكى
قەبرىستانلىقتىكى 20-ۋە 40-نومۇرلۇق قەبرىلەردىن
سەككىز دانە تېرىق توقىچى قېزىۋېلىندى، 1995-يىلى
نىيە خارابىسىدىكى 95MNI نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىكى
3-نومۇرلۇق قەبرىدىن تېرىق توقىچى قېزىۋېلىندى㊵.

## قاتلىما تۈرىدىكى ئەتمەكلەر

«دىۋان»دا يەنە ئەتمەكلەر قاتارىدا قاقۇرغان، يۇغا
قاتارلىق قاتلىما تۈرىدىكى ئەتمەكلەرمۇ تىلغا ئېلىنغان.
شۇ دەۋرلەردە قاتلىما يۇغا دەپ ئاتالغان. مەلۇماتلارغا
قارىغاندا يۇغا پىشۇرۇلغان ئۇسۇلىغا قاراپ ئىككىگە بۆ-
لۈنگەن بىرىنچىسى، تونۇر ياكى ئوچاققا يېپىلىپ پىشۇرۇ-
لىدىغان يۇغا، يەنە بىرسى قازاندا ياغدا پىشۇرۇلىدىغان
يۇغىدىن ئىبارەت. قاتلىما ئەتمەكلەرنىڭ مۇھىم خۇرۇچى
ياغ بولۇپ، خېمىرىغا مۇۋاپىق مىقداردا ياغ ئارىلاشتۇرۇ-
لۇپ ئۆزگىچە تەم بىلەن باشقا ئەتمەكلەردىن پەرقلەندۈ-
رۈلگەن. ياغ (ماي) ئارىلاشتۇرۇلۇپ تونۇر ياكى ئوچاقتا
يېپىلىدىغان يۇغا، «قاقۇرغان قاتلىما. ماي بىلەن يۇغۇرۇ-
لۇپ، تونۇر ياكى ئوچاقتا پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل نان» ㊶
دەپ ئاتالغان. «دىۋان»دا يۇغا (قاتلىما) تۈرىدىكى
ئەتمەكلەرنى تونۇشتۇرغاندا «قاقۇرغان» دېگەن قاتلىما

ئەتمەك بىرلا يەردە تىلغا ئېلىنىدۇ. ئەمما يۇغا نامىغا ھەر
خىل سۆزلەر قوشۇلغان، ئوخشىمىغان شەكىل، خۇرۇچلار-
دىكى قاتلىما ئەتمەكلەر كۆپ تىلغا ئېلىنىدۇ. «يارما يۇغا.
بىر خىل قاتلىما نان»[42] دېيىلگىنى ئېھتىمال تونۇردا پە-
شۇرۇلغان ئۆزگىچە يۇغا (قاتلىما)لارنىڭ بىرسى بولسا
كېرەك. «دىۋان»دا يەنە ئىنتايىن نېپىز ۋە چۇرۇك
بولغان بىر خىل يۇغا ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. «يالاچى.
يالىخۇر، يالا چاپلايدىغان. يالاچى ئەر ـــ يالا چاپلايدى-
غان ئادەم. قاتلىما ناننىڭ بىر خىلىمۇ يالاچى يۇغا دېيىلە-
دۇ. چۈنكى ئۇ بىرەر نەرسىگە تېگە-تەگمەيلا ئۇشتۇلۇپ،
سۇنۇپ كېتىدۇ»[43]. بۇ خىل ئەتمەكنىڭ مۇشۇنداق ئاتى-
لىشى ھەققىدە بولسا، «يالا. تۆھمەت. نېپىز قاتلىما نانمۇ
«يالاچى يۇغا-تۆھمەتچى نان» دېيىلىدۇ. بۇ ناننىڭ نې-
پىزلىكىدىن قول تېگى-تەگمەيلا ئۇشتۇلۇپ ئۇۋۇلۇپ كې-
تىشىگە قاراپ ئېيىلغان. شۇڭا ناۋاي كىشىلەرنى بۇنى سەن
سۇندۇردۇڭ دەپ ئەيىبلەيدۇ (33-ئىزاھ بىلەن
ئوخشاش) دېيىلگىنىدىن بۇ خىل ئەتمەكنىڭ كۆپ ھاللار-
دا ئەتمەكچى (ناۋاي) تەرىپىدىن تونۇردا پىشۇرۇلۇپ، سې-
تىلىدىغان، يېيىشلىك ئەتمەك ئىكەنلىكى نامايان بولىدۇ.
«دىۋان»دا يەنە ئەتمەكلەرنىڭ قازاندا ياغ (ماي)دا پىشۇ-
رۇلىدىغىنى بولسا، «قاتما. قاتما يۇغا ـــ قاتلىما. ياغدا پە-
شۇرۇلغان نېپىز نان» (32-ئىزاھ بىلەن ئوخشاش) دەپ
ئاتالغان. بۇ خىل يۇغا (قاتلىما) نامى بىلەن ئاتالغان يې-
مەكلىكلىكنىڭ ئەتمەك (نان) دەپ ئاتالغىنىغا قارىغاندا
تونۇردا پىشۇرۇلىدىغان ئەتمەكلەردىن باشقا يېمەكلىكلەر-
نىڭمۇ ئەتمەك دەپ ئاتالغانلىقى ھەققىدىكى قارىشىمىزنى
ئىسپاتلاپ كېلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ئەتمەك تۇرىگە كىر-
مەيدىغان، ئەمما ئېيتىلىشى «قاتما يۇغا»غا ئوخشايدىغان
يەنە بىر يېمەكلىكمۇ قەدىمدە ئەتمەك دەپ بايان قىلىنغان
يەنى: «پۆشكەل پۇشكال. بىر خىل يۇپقا نان. خاقانىيە
تىلىدا»[44] دېيىلگەن مەلۇماتتىن. بۇ خىل ئەتمەكنىڭ تە-
ۋەلىكى ھەققىدە چۈشەنچىگە كېلىپلا قالماي، يىراق چېگرا
جايلاردىكى قەبىلەرلا ئەمەس بەلكى مەركىزىي رايونلار-
دىمۇ ئەتمەك ئاتالغۇسىنىڭ يېمەك-ئىچمەك ساھەسىدە
قوللىنىش دائىرىسىنىڭ خېلى كەڭرى ئىكەنلىكىنى بىلەلەي-
مىز. پۇشكال، قاتما يۇغا قاتارلىق ئەتمەك دەپ ئاتالغان
يېمەكلىكلەرگە ئوخشاش قازاندا مايدا پىشۇرۇلىدىغان
شېكەر سېلىنىپ يېيىلىدىغان باشقا تەرىپى پۇشكال، قاتما
يۇغا بىلەن ئوخشاش بولغاچ، مەزمۇن ئېھتىياجى ئۈچۈن
بۇ بايانىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشنى زۆرۈر تاپتۇق. «قۇيما،
قۇيماق. خېمىر سۇيۇق يۇغۇرۇلۇپ قازاندىكى ياغقا
سېلىپ پىشۇرۇلىدۇ، ئاندىن ئۈستىگە شېكەر سېپىپ
يېيىلىدۇ»[45].

يۇغا (قاتلىما) ئەتمەكلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى
خېمىرى ياغ ئارىلاشتۇرۇلۇپ يۇغۇرۇلغان ياكى ياغدا پە-
شۇرۇلغان، كۆپ قىسمى ئىنتايىن نېپىز بولغان. بۇ بەلكىم
سىڭىشلىك بولۇشنى كۆزدە تۇتۇپ ئېتىلىدىغان ئەتۋار-
لىق ئەتمەكلەر بولسا كېرەك. قەدىمىي قەبرىلەردىن تېپىل-
غان ئەتمەكەر قاتارىدا يۇغا تۈرىدىكى ئەتمەكلەرمۇ تېپىل-
غان. 1999-يىلى لوپنۇر ناھىيەسىدىكى يىڭپەن قەدىمىي
قەبرىستانلىقىدىكى 8-نومۇرلۇق قەبرىدىن بىر نەچچە
قاتلىق نېپىز نان (قاتلىما) قېزىۋېلىندى[46]. بۇ خىل ئارخې-
ئولوگىيەلىك بايقاشتا تېپىلغان قاتلىما تارىخىي ئەسەرلەردە
تىلغا ئېلىنغان يۇغا تۈرىدىكى يېمەكلىكلىرىمىزنىڭ تارىخىي
ئاساسىنىڭ تولىمۇ ئۇزاق ئىكەنلىكىنى ماددىي ئىسپات
بىلەن تەمىنلەپ بەردى.

## چوغ ياكى كۈلگە كۆمۈپ پىشۇرۇلىدىغان (ئەتمەك) نانلار

«دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان كۆمەچ تۈرىدىكى ئەت-
مەكنىڭ ئىككى خىل ئوخشاش بولمىغان ئاتىلىشى بار
بولۇپ، بىرىنچىسى بىۋاستە بۈگۈنكى تىلىمىزدا ساقلىنىپ
قالغان كۆمەچ ئاتالغۇسىدۇر. كۆمەچ ھەققىدە «كۆمەچ.
كۈلگە كۆمۈپ پىشۇرۇلغان نان»[47] دەپ بىرلا يەردە
تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ. بىز بۇنىڭدىن كۆمەچنىڭ ئوچاق
ياكى تونۇرلاردىكى كۈلگە كۆمۈپ پىشۇرۇلىدىغان يېمەك-
لىك ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. يەنە بىرسى بولسا كۆزمەن
دەپ ئاتالغان. كۆزمەن ئاتالغۇسى كۆمەچ ئاتالغۇسىغا قا-
رىغاندا كۆپرەك تىلغا ئېلىنىدۇ. «كۆزمەن. كۆمەچ
كۆزمەن. كۆمەچ»[48] كۆمدى. ئول ئۆلۈگنى كۆمدى.
كۆزمەن كۆمدى ـــ كۆمەچ كۆمدى» دېگەن بايانىغا قارى-
غاندا «كۆزمەن» يەنىلا كۆمەچ دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ.
كۆزمەنمۇ كۆمەچكە ئوخشاش كۈلگە كۆمۈلۈپ پىشۇرۇ-
لۇپ يېيىلىدىغان يېمەكلىك بولۇپ، ئولتۇراق تۇرمۇش
مۇھىتىدىكى كىشىلەرگە نىسبەتەن كۆمەچلەر بەلكىم گۆش
ۋە باشقا نەرسىلەر قوشۇمچە خۇرۇچ قىلىنىپ پىشۇرۇلغان
ھەمدە ئوچاق ۋە ۋە تونۇرلاردا مەخسۇس يېقىلغان بولسا

كېرەك. بۇ خىل نان يەنە سەپەرگە ئاتلانغان ۋە كۆچمەن تۇرمۇشتىكى كىشىلەرنىڭمۇ ئەتىۋارلىق يېمەكلىكى بولۇپ، مۇۋاپىق ئوتتۇن، سۇ ئۇن بولسىلا خالىغان يەردە ۋاقىتلىق يەر كۆچ (يەر تونۇرى) ياساپ ئەمەلىيەتتە يەرنى كولاپ) ئوتتۇننىڭ چوغى ياكى كۈلى ئارقىلىق سەپەردىمۇ ئېتىپ ئېغىز تېگەلەيدىغان يېمەكلىكتۇر كۆمەچ ياكى كۆزمەننىڭ باشقا ئەتمەك تۈرىدىكىلەردەك ئۇزاق مۇددەت ساقلاپ يېيىلىدىغانلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى خۇرۇچلىرى ئاددىي، كۈندىلىك تۇرمۇشتا قولايلىق، تېز ئېتىلىپ، شۇ ۋاقىتتىلا ئېھتىياجنى قاندۇرىدىغانلىقىدەك ئارتۇقچىلىققا ئىگە بولغان.

## نان يېقىشتا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابلار

ئوچاق ياكى تونۇرغا مۇۋاپىق ئوتتۇنلار تەييارلانغاندىن كېيىن «چاقماق، ئوت يېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان چاقماق تاش»[50] بىلەن «قاۋ. چاقماق چېقىپ ئوت تۇتاشتۇرىدىغان پىلىك»[51] تە ئوت يېقىلىپ ئوچاق ياكى تونۇر قىزىتىلغان. چوڭ تونۇرلارنى قىزىتىش جەريانىدا ئۇزۇن تاياقلار بىلەن تونۇر ئىچىدىكى چوغلار تەكشىلەنگەن. تونۇرلارغا ئىشلىتىلگەن تاياقلار «كۆزەگۈ» دەپ ئاتالغان. «كۆزەگۈ. كۆسەي. ماقالىدە مۇنداق كەلگەن: كۆزەگۈ ئۇزۇن بولسا ئەلىك كۆيمەس — كۆسەي ئۇزۇن بولسا قول كۆيمەس»[52]. ئىشلىتىلىشى توغرىسىدا، «كۆزەدى. كوچىلىدى. چوخچىلىدى. چەشلىدى. ئول ئوت كۆزەدى — ئۇ (كۆسەي بىلەن) ئوت كوچىلىدى»[53]. ئەتمەك خېمىرىغا بەزىدە يەنە كۆركەم چىقىشى ئۈچۈن ھەر خىل شەكىللەر چۈشۈرۈلگەن. بۇ خىل شەكىللەرنى چىقىرىشتا «تۇكۈچ. چەككۈچ»[54] ئىشلىتىلگەن. 1972-يىلى تۇرپان ئاستانە قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىكى تاڭ سۇلالىسى دەۋرى (مىلادى 618 -، 906-يىللار)گە تەۋە 149-نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان ناننىڭ يۈزىگە چەككۈچ چېكىلگەن [55].

«دىۋان»دىكى بايانلارغا قارىغاندا تونۇرلارنىڭ رولى ئوخشاش ئەمەس بولۇپ، يەر ئۈستىگە قۇرۇلغان تونۇرلارغا ئەتمەك (نان) يېقىلغان. يەر كۆچ (يەر تونۇرى)غا بولسا ئەتمەك (نان)لار يېقىلماي بەلكى چوغ ئۈستىگە قويۇپ پىشۇرۇلغان. بۇنداق تونۇرلارغا ئىشلىتىلىدىغان ئالاھىدە بىر ئەسۋاب بار بولۇپ، «يەر كۆچ. يەر تونۇرىدىكى ناننى ئۆرۈپ-چۆرۈپ تۇرۇشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن قىلىنچقا ئوخشاش ياپىلاق ۋە ئۇزۇنچاق قىلىپ ياسالغان ياغاچ پالاق» (11-ئىزاھ بىلەن ئوخشاش) دېگەن مەلۇمات بىر خىل ئەسۋابتىن باشقا يەنە يەر كۆچ (يەر تونۇرى)دىكى چوغ ئۈستىگە قويۇلغان نانلارنىڭ كۆيۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قىلىنغان ھەرىكەتتىن خەۋەر بېرىپ كەلگەن. بەزىدە يەنە تونۇر ئاستىدىكى ئوچاق ياكى تونۇردىكى ئەتمەك (نان)لەر پىشىپ تەييار بولغاندىن كېيىن «قىسغاچ. قىسقاچ»[56] بىلەن ئۆرۈپ-چۆرۈلگەن ياكى ئوچاق، تونۇردىن ئېلىنغان. ئېلىنغان ئەتمەك (نان)لەر يەنە مەلۇم بىر خىل ئەسۋاب بىلەن سانى ئېلىنغان. بۇ خىل ئەسۋاب ھەققىدە «كەرتۈك. كەتىك. ياغاچقا ئويۇلغان كەرتىك ‹كەرتۈك كەمرۈك› دەپمۇ ئېيتىلىدۇ»[57]. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ، «كەرتىك. قىناق. نان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ سانىنى بىلىش ئۈچۈن ياغاچقا ئويۇلغان بەلگە»[58]. بۇ مەلۇماتقا قارىغاندا شۇ دەۋردە بۇ خىل ئەسۋاب كۆپ يېقىلغان نانلارنى ساناشتا ئىشلىتىلگەن ھەمدە بۇ شۇ دەۋردىكى ئەتمەكچى (ناۋايلارنىڭ مۇھىم) ئەسۋابلىرى سانالغان. بۇ خىل ئەسۋابلارمۇ ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلاردا تېپىلىۋاتىدۇ. تۇرپان رايونىدىن ئېلىپ كېتىلگەن ھۆججەتلەر ئارىسىدا بىر قىسىم تارشا پۈتۈكلەرمۇ بار بولۇپ، تارشا پۈتۈكلەر ئارىسىدا مەلۇم بىر ئىبادەتخانىنىڭ ئاشلىقىنى خاتىرىلەيدىغان بىر پارچە ھېسابات دەپتىرى، يېمەكلىكلەرنى ھېسابلاشقا ئىشلىتىدىغان تۆشۈكلۈك خەتكۈچسىمان بىر دانە تارشا پۈتۈك بولۇپ، ئۈستىگە بىر كىشىنىڭ ئىسمى ھەمدە بىر خىل يېمەكلىكلەرنىڭ نامى خاتىرىلەنگەن، ھەممىسى گويىمى مۇزېيدا ساقلانماقتا [59]. يېمەكلىكلەرنىڭ نامى خاتىرىلەنگەن بۇ تارشا پۈتۈك بەلكىم «دىۋان»دا خاتىرىلەنگەن «كەرتىك»نىڭ يەنە بىر خىل تۈرى بولسا كېرەك. ئەتمەكلەر تونۇردا پىشىپ چىققاندىن كېيىن قويۇلىدىغان ۋە ساقلىنىۋاتقان مەلۇم ئەسۋاب ھەققىدە «ياسغاچ. يېسا تاختا، تانتاختا. بۇنىڭ ئەسلى ‹ياسى يىغاچ-يېسا ياغاچ›دۇر»[60] دېگەن مەلۇماتتىن تەخمىنەن بىر خىل ئۈسكۈنىدە ئەتمەكلەرنىڭ ساقلىنىپ يېيىلىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئەتمەكلەر داستىخانغا يۆگۈلۈپ ساقلانغان. «يازتى. يايدى. ئول يازتى نەڭنى — ئۇ نەرسىنى يايدى. داستىخانغا نان يايغانغا ئوخشاش»[61] (3-توم، 590-بەت).

## ئەتمەكچىلىك

«دىۋان»دىكى ئـەتمەككە دائـىر بـايانلاردىن شـۇ
دەۋردە ئەتمـەكلەرنى يـېقـىشقا قـاتنىشـدىغان كـىشلەر:
«جۇملىدىن ئەتمەكچى (ناۋاي)لاردىن تاشقىرى يەنە ئائـ
لە ئاياللىرى ۋە ۋاكالىتەن ئەتمەك (نان) يېقىپ بېرىدىغان
ئـاياللارمۇ ئـايان بـولـىدۇ. شـۇ دەۋردە بـالـىق، كـەنت
(شەھەر) تۇرمۇشىدا ياشاۋاتقان كىشلەر ئۈچۈن كۈندىلىك
تۇرمۇشىدا يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەش، كىيىنىش جەھەتلەر
دە هۈنەر كـاسىپلارغا بـولغان بـېقىنىشى بـىر قـەدەر ئـېغىر
بولۇپ، ئەتمەكچىلىك شۇ دەۋرلەردە كەسىپلەشكەن، كۆ
لەملەشكەن بىر كەسىپكە ئايلانغان. ئەتمەكچىلەرنىڭ نامى
ھەققىدە «ئـەتمەكچى ـــ نـاۋاي»62 دەپ تـوختىلىدۇ. بـۇ
سۆز «ئەتمەك ـــ نان» ئىبارىسىگە ئىش بىلەن شۇغۇللاندـ
غۇچىنى بىلدۈرىدىغان «چى» قوشۇلۇشى بـىلەن يـاسالغان
بولۇپ، بۇ ۋە بۇنداق ناملارنىڭ ئاتىلىشى «پۈتۈن تۈرك
قەبىلىلىرى هۈنەر كەسىپ قىلغۇچىلارنىڭ سۈپىتىنى ئـىپادىـ
لەشتە ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا ئوخشاشلا ‹چ› بىلەن ‹ي› يـەنى
‹، چى› نى قوشىدۇ. مەسىلەن، ‹تارىغ ـــ ئاشلىق› سۆزدـ
ىدىن ‹تارىغچى ـــ دېخقان›. ‹ئـەتۈك ـــ ئۆتۈك› سۆزىدىن
‹‹ئەتۈكچى ـــ ئۆتۈكچى، مۇزدوز› دېگەن سۆزلەرنى يـا
سىغانغا ئوخشاش» 63 بايانىدىن تـېخىمۇ ئـۆز ئـىپادىسىنى
تاپىدۇ. بازار تۇرمۇشىدىكى ئـەتمەكچىلەرنىڭ ئـەھۋالىدىن
مۇنۇ بايان خەۋەر بېرىپ كېلىدۇ. «يالا. تۆھمەت. نـېپىز
قاتلىما نانمۇ ‹يالاچى يۇغا ـــ تۆھمەتچى نان دېيىلىدۇ. بـۇ
ناننىڭ نېپىزلىكىدىن قول تېگە ـ تـەگمەيلا ئـۇشتۇلۇپ ئـۇ
ۋۇلۇپ كېتىشكە قاراپ ئېيتىلغان. شۇڭا ناۋاي كىشلەرنى
بـۇنى سـەن سـۇندۇردۇڭ دەپ ئـەيىبلەيدۇ» (33 ـ ئـىزاھ
بىلەن ئـوخشاش). مـەزكۇر بـايانىدىن مـەخسۇس ئـەتمەك
(نـان) يـېقىپ تـۇرمۇش كـەچۈرىدىغان هۈنەرۋەن بـىلەن
ئەتمەك خېرىدارلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ديـالوگ ئـارقـ
لىق بـازار تـۇرمۇشى جانلىق سۈرەتلەپ بېرىلگـەن.
«ئۈشدى. ئـولاشتى. ئـەتمەككە تـەلىم كـىشى ئۈشدى ـــ
نانغا نۇرغۇن كىشى ئولاشتى»64 دېيىلگىنى ئەتمەك سېتـ
ۋېلىش ئۈچۈن تونۇر بېشىغا ئولاشقان كىشلەرنىڭ ئەهۋاـ
لىدىن خەۋەر بېرىپ، يۇقىرىقى ديالوگنىڭ تونۇر بېشىدىـ
كى راۋاجى بولۇپ هـېسابلىنىدۇ. «ئـەتمەككەندى. نـانلىق
بـولدى، نـانغا ئـىگە بـولدى. ئـەر ئـەتمەككەندى. ئـادەم
نانلىق بولدى»65 دېيىلگەن بايانى مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ
ئېيتقاندا ئەتمەكچىدىن ئەتمەك سېتىۋالغان كىشىگە. يـەنە
بىر نۇقتىدىن ئۆز ئۆيىدە ئەتمەك ياقىدىغان كىشلـەرگىمۇ
نىسبەتلەشكە تامامەن بولىدۇ. ئەتمەكچىلىك بىلەن شۇغۇلـ
لىنىدىغان كىشلەردىكى كەسپىي ئادەت ھەققىدە «ياپسادى.
ياپقۇسى كەلدى، ياققۇسى كـەلدى؛ قـويغۇسى كـەلدى. ئـەر
ئەتمەك ياپسادى ـــ ئادەمنىڭ نان يـاققۇسى كـەلدى» 66.
(3 ـ توم، 416 ـ بەت) دېگەن ئۇچۇر ئارقىلىق ئۆز هۈنىرىـ
گە ئىشتىياق باغلىغان ئەتمەكچى ھەققىدە مـەلۇمات بېرىـ
دۇ.

بۇ خىل كەسىپ بىلەن ئەرلەردىن بـاشقا يـەنە ئـايالـ
لارمۇ شۇغۇللانغان بولۇپ، ئەمما ئاياللار ئەرلەرگە قاردـ
غاندا ئائىلىدە ئۆزى ئۈچۈن ۋە ياكى مەھەللىدە هـەمكارـ
لىشىپ ئەتمەك يېقىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان بـولسا
كېرەك. «ياپتى: قويدى، قۇردى. ئىشلەر ئۆتمەك يـاپتى ـــ
خوتۇن (تونۇرغا) نـان يـاپتى»67 دېگـەن ئـۇچۇردىن بـۇ
خىل ئاياللارنىڭ كەسپىي ئەتمەكچى ياكى ئائىلىدە ئـۆزى
ئۈچۈن ئەتمەك ياقىدىغانلارغا ئورتاق مـىسال دەپ چۈـ
شىنىشكىمۇ بولىدۇ. ئائىلىدە ئەتمەك ياقىدىغان ئائىلە ئـاـ
يالى ھەققىدە مۇنداق بىر ئۇچۇر ئارقىلىق خەۋەردار بـوـ
لىمىز. «يۇۋقا. يۇپقا، يـۇقا. مـاقالىدە مۇنداق كـەلگەن:
ئاناسى تەۋلۇگ يۇۋقا ياپار ئوغلى تەلىك قوشا قاپار ـــ ئاـ
نىسى هيلىگەر يۇپقا ياپار ئـوغلى زېرەك قۇشلاپ ئـالار.
ئانىسى ئوغلىنى ئالداپ هيلە ئىشلىتىپ، ناننى يۇپقا يـاپىـ
دۇ، ئـوغلىمۇ زېرەكلـىك بـىلەن يـۇپقا نـاننى (ئـاغزىغا)
قوشلاپ سالىدۇ»68. ئانا ـ بالا ئـوتتۇرىسىدىكى بـۇ خـىل
ئىپادىلىنىش يەنە ئۆز نۆۋىتىدە كىشلەرنىڭ تۇرمۇش شاـ
رائىتى ھەققىدىمۇ بەزى مەلۇماتلانى بېرىدۇ. شۇ دەۋردە
مەخسۇسلاشقان ئەتمەكچىلەردىن تاشقىرى يەنە ئىقتىسادىي
ئەهۋالى ياخشى ئائىلىلەر، جۈملىدىن بـەگلەر، سودىگەرـ
لەرنىڭمۇ مەخسۇس ئەتمەك يـاقتۇرىدىغان كـىشلىرى بـار
بـولۇشى تـەبىئىي. «يـاپتۇردى» ئـەتتۈردى. ئـول ئـاڭـار
ئەتمەك ياپتۇردى ـــ ئۇ ئـۇنىڭغا نـان يـاپتۇردى»69. بـۇ
خىل ئـەتمەكچىلەرنىڭ بـازاردىكى ئـەتمەكچىلەردىن پـەرقى
شۇكى، بـازاردىكى ئـەتمەكچىلەر پۈتۈن كـىرىم ـ چـىقىمغا
ئۆزى ئىگە. ئەتمەكلەرنىڭ سۈپىتى ۋە تـۈرلىرى هـەرهالدا
خېرىدارلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەهۋالىغا ماسلاشقان. بەگ، سوـ
دىگەرلەرنىڭ مەخسۇس ئـەتمەكچىلىرى بـولسا مـاتېرىيالـى
ئـەتمەك ئـەتتۈرىدىغان كـىشلەر تـەمىنلەيدىغان. ئۆزلىرى

پەقەت ۋاقىت ۋە ھۈنەر چىقىرىدىغان ئايلىق ياكى كۆڭلۈككە ئىشلەيدىغان ھۈنەرۋەنلەر بولغان.

ئەتمەكلەر يېقىلىش داۋامىدا ئەتمەكچىنىڭ ھۈنىرىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى، تونۇردىكى ئوت ياكى چوغنىڭ تەكشىلىنىشىنىڭ ئوخشىماسلىقى ئەتمەكلەرنىڭ سۈپىتىنى بەلگىلەشتىكى مۇھىم ئامىللاردىن سانالغان. بەزىدە ئەتمەكلەر ئوتنى تەڭشەشتىكى سەۋەنلىكتىن كۆيۈپ كېتىدىغان ياكى قارىداپ كېتىدىغان ئەھۋاللاردىن خالىي بولالمىغان. «بىزى. كۆيۈك. چاۋارتقۇ. ناننىڭ يۈزىدە ئوت چاققانلىقتىن پەيدا بولىدىغان چاۋارتقۇ. ئەتمەك بىزى بولدى — ناننىڭ يۈزى كۆيدى»[70]. بۇ ئۇچۇر مەخسۇس ئەتمەكچىلەردىن كۆرە. سەپەرلەردە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ۋاقىتلاردا ۋاقىتلىق يەر تونۇرىغا كۆمۈلگەن كۆمەچلەرنىڭ ئەھۋالىدىن روشەن خەۋەر بېرىپ كېلىدۇ.

## ئەتمەكلەرنىڭ ئىستېمال قىلىنىشى

«دىۋان»دىكى بايانلار ئەتمەك ئىستېمال قىلىشتا يۇمشاق ھالىتىدە يېيىش ۋە قاتۇرۇپ ساقلاپ يېيىش توغرىسىدا مەلۇم چۈشەنچىلەرگە باشلايدۇ. ئەتمەكلەر ئېتىلگەندىن كېيىن شۇ كىشىنىڭ شارائىتىغا ئاساسەن يېڭى پېتى ياكى ساقلاپ يېيىلگەن. كۆپلىگەن ئائىلىلەردە كۈندە ئەتمەك ئېتىش ئىمكانىيىتى بولمىغان ئەھۋالدا ياكى ئۇزۇن سەپەرلەرگە چىققاندا ساقلاپ يېيىلگەن، ئالدى بىلەن ناننىڭ كۆكىرىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان شارائىتتا قۇرۇتۇلۇپ قاتۇرۇلغان «قۇرۇشدى. قۇرىدى. ئەتمەك قامۇغ قۇرۇشدى-نان پۈتۈنلەي قۇرۇدى. يەنى ناننىڭ ھەممە يېرى قۇرۇدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق»[71] يەنە بىر قىسىم بايانلارغا قارىغاندا ئۇزاق تۇرۇپ قالغان ئەتمەكنىمۇ يېگىلى بولمىغان «پۇۋ. ئۇزاق تۇرۇپ قالغانلىق ياكى بۇزۇلغانلىقتىن ناننىڭ ئۈستىدە پەيدا بولغان كۆك. باشقىلاردىمۇ شۇنداق[72]» بۇ باياندىن ۋاقتىدا قۇرۇتۇلمىغان ئەتمەك بىلەن قۇرۇتۇلغان بولسىمۇ ئۇزاق تۇرۇپ كەتكەن ئەتمەكنىڭ كۆكىرىپ يېگىلى بولمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

ئەتمەكنى ئىستېمال قىلىش توغرىسىدىكى بايانلار مۇنداق باشلىنىدۇ. «يەيسەدى — يېگۈسى كەلدى. ئول ئەتمەك يەيسەدى — ئۇنىڭ نان يېگۈسى كەلدى»[73] كىشىلەر ئەتمەك يېگۈسى كەلگەندە ئەتمەكچىدىن ئېلىشقان ياكى ئۆيىدىكى ئەتمەكنى ئىستېمال قىلىشقان. ئۇزۇن سەپەرلەردە بارلىرى ئۆزىدىكى ئەتمەكنى يوقلىرى بىلەن تەڭ يېيىشكەن. باشقىلارنى ئەتمەك بىلەن مېھمان قىلىشنى «ئىسرىتتى. چىشلەتتى. ئول ئاڭار ئەتمەك ئىسرتتى — ئۇ ئۇنىڭغا نان چىشلەتتى. باشقا ھەرقانداق نەرسە چىشلەتسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ»[74]. (3-توم، 582-بەت) دېگەن باياندىن بىلەلەيمىز.

كىشىلەرنىڭ يەنە ھەمداستىخان بولۇپ ئەتمەكتە غىزالىنىشى توغرىسىدا، «سۇنۇشدى. ئۇلار ئىككى ئەتمەك سۇنۇشدى — ئۇلار ئىككىسى نان سۇنۇشتى. يەنى بىرىگە نان ئۇزاتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق»[75]. «سۇندى. ئۇزاتتى. تۇتتى. ئول ماڭا ئەتمەك سۇندى — ئۇ ماڭا نان سۇندى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق»[76]، «ئىسرىلدى. چىشلەندى. ئەتەك ئىسرىلدى - نان چىشلەندى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق»[77] دېيىلگەن. «دىۋان»دىكى بايانلاردىن مەلۇمكى شۇ دەۋردە تاماقلارنىڭ تۈرلىرى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، ئەتمەكلەر بەزىدە تاماقلاردىن بۇرۇن ئاز-ئازدىن ئىستېمال قىلىنىشقان. «كەس. كىسىم، توغرام، ھەرقانداق نەرسىنىڭ پارچىسى. بىر كەس ئەتمەك — بىر توغرام نان»[78] ئىبارىسى بىلەن، «تۇتقۇچ. رەسمىي تاماق ئالدىدا يېيىلىدىغان ئىشتەي ئېچىش غىزاسى»[79] نى باغلاشتۇرۇپ مۇلاھىزە قىلىشقان بولىدۇ. يېڭى، ئەتمەكلەر كېسىپ، توغرىلىپ، باشقا يېمەكلىك ۋە يېيىشكە بولىدىغان نەرسىلەر بىلەن بىللە ئىستېمال قىلىنغان. «توغراندى توغراۋاتقاندەك كۆرۈندى. ئول ئۆزىڭە ئەت تاغراندى — ئۇ ئۆزىگە ئەت (گۆش) توغراۋاتقاندەك كۆرۈندى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق»[80] «كەسەك. كېسەك. توغرام، بىر نەرسىنىڭ بۆلىكى. بىر كەسەك ئەتمەك- بىر توغرام نام»[81] قاتارلىق ئۇچۇرلارنىڭ ھەممىسى توغرالغان، باشقا نەرسىلەر بىلەن قوشۇپ يېيىلىشكە تەييارلانغان ئەتمەكلەردىن خەۋەر بەرگەن. قاتقان ئەتمەكلەر ئۇشتىلىپ ياكى ئۇۋۇلۇپ يېيىلگەن. ئەتمەكنىڭ ئۇشتۇلۇشى، ئۇۋۇلۇشى توغرىسىدىكى بايانلار بىر قەدەر ئۆزگىچە بايان قىلىنىدۇ. ئۇشتىلىشى ھەققىدە «ئۇشالدى. ئۇشتالدى. ئەتمەك ئۇشالدى — نان ئۇشتالدى»[82]، «ئۇشاتتى. ئول ئەتمەك ئۇشاتتى — ئۇ نان ئۇشاتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق»[83]. «ئۇۋشاتتى. ئۇشتۇردى. ئول ئەتمەك ئۇۋشاتتى. توغرىسى مۇشۇ. ‹ئۇشاتتى› مۇ دەيدۇ»[84] دېيىلسە، «ئۇۋدى، ئۇۋاتتى،

ئۇشاتتى. ئۇل ئەتمەك ئۇۋدى. ئۇ نان ئۇۋاتتى»(85)، «تەۋشەلدى. ئۇۋالدى. پۇچۇلاندى، ئەتمەك تەۋشەلدى. نان ئۇۋالدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق»(86) قاتارلىقلار ئۇۋۇلۇپ يېيىلگەن، قاتتىق ئەتمەكلەردىن ئۇچۇر بېرىپ كەلگەن. «ئۇۋۇشدى. ئۇۋۇتىشتى. ئۇل ماڭا ئەتمەك ئۇۋۇشتى. ئۇ ماڭا نان ئۇۋۇتىشىپ بەردى»(87) دېگەن ئۇچۇرغا قارىغاندا قاتتىق ئەتمەكنى باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇشتىغان ياكى ئۇۋۇتقان ئەھۋاللار نامايان بولىدۇ. ئۆز ئۇچۇن ئەتمەك ئۇۋۇتۇش توغرىسىدا كەلگەن «ئۇۋۇندى. ئۇل ئۆزىگە ئەتمەك ئۇۋۇندى — ئۇ ئۆزىگە نان ئۇۋاتتى. ئۇل ئەلكىن ئۇۋۇندى — (بېشىغا چۈشكەن مۇسىبەت، ئاڭلىغان يامان خەۋەر ياكى ئاغرىقنىڭ ئازابىدىن) قوللىرىنى ئۇۋۇلىدى»(88) دېگەن مىسالدىن قاتتىق ئەتمەكلەرنىڭ ئۇۋۇتۇشنىڭ ئانچە ئوڭاي ئەمەسلىكىدىن خەۋەردار بولالايمىز. قاتتىق ئەتمەكلەر ھەرخىل ئەھۋاللاردا ئۇۋۇتۇلغاندىن كېيىن «ئۇۋۇش. ئۇۋاق نەرسە. ئۇۋۇش ئەتمەك. ئۇۋاق نان»(89) دەپ ئاتالغان.

«دىۋان»دىكى بىر قىسىم مەلۇماتلاردىن بەزىدە ئەتمەكلەرنىڭ سۈپىتىنىڭ مەلۇم سەۋەبلەردىن ياخشى بولماي قالىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. بۇ بەلكىم ئۇن تارتىش ھالقىسىدىكى ۋە ياكى يۇغۇرغاندا ئىشلەتكەن سۇنىڭ سۈپەت مەسىلە بولۇشىمۇ مۇمكىن. «چىقرادى. غىچىرلىدى. ئەتمەكتە تاش چىقرادى — ناندا تاش غىچىرلىدى. يەنى نان ئىچىدىكى تاش چىشقا تېگىپ غىچىرلىدى»(90). مەزكۇر بايان بىزگە بەزىدە يارغۇنچاقتا تارتىلغان ئۇننىڭ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلمەي، ئۆتكۈزۈلگەن تەقدىردىمۇ ئەلگەكنىڭ مەسىلىسى تۈپەيلى ئۇن تەركىبىدىكى باشقا نەرسىلەرنىڭ يەنىلا قالغان شارائىتتا، «چىگىر - چىگىر. گىچىر — گىچىر. قۇم ئارىلىشىپ قالغان ناننى چايناغاندا چىقىدىغان ئاۋاز»(91) دېيىلگىنى بولسا تولۇق تىنمىغان سۇدا يۇغۇرۇلغان ئەتمەكلەر ۋە قۇمنى قىزىتىش ئارقىلىق كۆمۈلگەن، تۇرمۇش شارائىت ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن يېقىلغان ئەتمەكلەرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئەمما بۇ خىلدىكى مەلۇماتلار بەكلا ئاز بولۇپ، بۇلار ئەتمەك توغرىسىدىكى بايانلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى سۇسلاشتۇرالمايدۇ.

ئەتمەكلەر مەيلى يېڭى پىتى ياكى قاتۇرۇلغان كېيىن بولسۇن، شارائىت يار بەرگەن ئەھۋال ئاستىدا باشقا يې مەكلىكلەر بىلەن بىللە يېيىلگەن. «قۇرۇغلاندى. قۇرۇق كۆردى. ئۇل ئەتمەكنى قۇرۇغلاندى — ئۇ ناننى قۇرۇق كۆردى، يېمىدى»(92) دېيىلگىنى يۇقىرىقى چۈشەنچىمىزنى دەلىللەپ كېلىدۇ. قاتتىق-قۇرۇق ئەتمەكلەر سۇلارغا تاشلىنىش ۋە ياكى باشقا يېمەكلىكلەر بىلەن قوشۇلۇپ يۇمشىتىلغان. «كەمىشدى. تاشلىدى. ئۇل نالڭ كەمىشدى — ئۇ نەرسە تاشلىدى: يەنى بىر نەرسىنى ئېتىۋەتتى. ماقالىدە مۇنداق كەلگەن: ئەزگۈلۈكنى سۇۋ ئازاقىندا كەمىش باشىندا تىلە-ياخشىلىقنى سۇنىڭ ئايىغىغا تاشلا، بېشىدىن ئىزلە. يەنى قىلغان ياخشىلىقنى سۇنىڭ تېگىگە تاشلىۋەتسەمۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقىدۇ. بۇ ماقالىنىڭ يېمەكلىكنى (ناننى) ئۆستەڭنىڭ تېگىگە تاشلىساڭ، ئۈستىدىن تاپىسەن دېگەن مەنىسىمۇ بار»(93). «دىۋان»دا ئەتمەك بىلەن قوشۇپ يېيىلىدىغان يېمەكلىكلەردىن ھەسەل، ياغ، سىركە قاتارلىقلار تىلغا ئېلىنىدۇ. يۇقىرىقىلار ئەتمەكنىڭ سىڭىشى، ھەزىم قىلىنىشى، شۇنداقلا قۇۋۋەت ئاشۇرۇشتا قورساقنى توق تۇتۇشتا مۇھىم رولىلارنى ئوينىغان. «مانىلدى. ماندى مىلەندى. ئەتمەك سىركەگە مانىلدى نان سىركىگە مىلەندى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق»(94). «ماندى، مىلىدى. ئەر ئەتمەكنى سىركىگە ماندى — ئادەم ناننى سىركىگە مىلىدى. ھەرقانداق نەرسىنى باشقا بىر نەرسىگە بۇلاش ياكى مىلەشلىكىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ»(95) دېگەن ئۇچۇرلاردىن سىركىنىڭ شۇ ۋاقىتلاردا ئەتمەك بىلەن بىللە، ئىستېمال قىلىنىپ ئەتمەكنىڭ قۇۋۋىتى ئاشۇرۇلغان. «مانغىردى. مىلىگىلى قويتى. ئۇل ئەتمەكىگ ياغقا مانغىردى — ئۇ ناننى ياغقا مىلىگىلى قويتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق»(96) ماندۇردى. مىلەتتى، مىلەتكۈزدى. ئۇل ماڭا ئەتمەكىگ ياغقا ماندۇردى — ئۇ ماڭا ناننى ياغقا مىلەتتى، مىلەتكۈزدى»(97) «سۇرتتى. سۇركىدى. ئۇل ئەتمەككە ياغ سۇرتتى — ئۇ نانغا ياغ سۇرتتى. ئۇل يارماقىغ تاشقا سۇرتتى — ئۇ يارماقنى تاشقا سۇركىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق»(98).

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قوشۇمچە خۇرۇچلار قوشۇلغان ئەتمەك توغرىسىدا يەنە مۇنداق بىر بايانمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. «قارا ئەتمەك. ناننىڭ بىر خىلى. بۇ مۇنداق تەييارلىنىدۇ: گۆش ئېزىلگۈچە پىشۇرۇلىدۇ، كېيىن ئۈستىگە سېرىق ياغ، شېكەر قويۇپ ئارىلاشتۇرۇلۇپ، قويۇلغىچە قاينىتىلىدۇ. ئاندىن يېيىلىدۇ»(99).

خۇلاسە قىلغاندا يىپەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىمىزنىڭ يازما خاتىرىسىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلانماي يۇقىرىقى بايانلار مەدەنىيەتلىك بىز جەمئىيەتتە مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان ھۈنەر، ئادەتلەرنىڭ، شۇ دەۋردىكى دېھقانچىلىقنىڭ تەرەققىياتى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، تۇرمۇش سەۋىيەسى قاتارلىقلارنىڭ ئۆز دەۋرىدە تىلغا، قەلەمگە ئېلىنىشى بولۇپلا قالماي يەنە شۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋردە شەكىللەنگەن ئەتمەكچىلىك مەدەنىيىتىمىزنىڭ يىلتىزىغا تۇتىشىدۇ. بۇ بايانلار ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلاردا تېپىلىۋاتقان ئەتمەكلەر بىلەن ئۆزئارا تولۇقلاش رولىنى ئويناپ، يىپەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىمىز، جۈملىدىن ئەتمەكچىلىك مەدەنىيىتىمىزنى بىر پۈتۈن نۇقتىدىن تۇرۇپ كۆزىتىشىمىزدە مۇھىم رولىنى ئوينايدۇ.

«دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان ئەتمەكلەر، ئەتمەكلەرنىڭ ئىستېمال قىلىنىشى ھەققىدىكى بايانلاردىن شۇ دەۋردىكى يىپەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىمىزدە ئەتمەكنىڭ تۇتقان ئورنى ھەققىدە ئېرىشكەن چۈشەنچىلىرىمىزنى يەكۈنلەش خاراكتېرىدىكى بۇ ماقالىمىزدە ئوقۇرمەنلەرگە ئازغىنە بولسىمۇ يېڭىچە بىر ئۇچۇرلارنى يەتكۈزەلىدۇق دەپ قارايمەن.


پايدىلانغان ماتېرىياللار:

مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، 1-توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىلى ئۇيغۇرچە 1-نەشرى.

مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 2-توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983-يىلى ئۇيغۇرچە 1-نەشرى.

مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 3-توم، 52-بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985-يىلى ئۇيغۇرچە 1-نەشرى.

ئىزاھاتلار:

① ② ③ ④ ⑤ ⑥ ⑦ ⑧ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىل. ئۇيغۇرچە 1-نەشرى، 1-توم، 88-، 386-، 203-، 639-، 203، 129-، 411-، 147-بەتلەر.

⑩ ⑨ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984-يىل، ئۇيغۇرچە 1-نەشرى، 3-توم، 520-، 493-بەتلەر.

⑪ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىل ئۇيغۇرچە 1-نەشرى، 1-توم 590-بەت.

⑫ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984-يىل، ئۇيغۇرچە 1-نەشرى، 3-توم، 602-بەت.

⑬⑭⑮ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىل. ئۇيغۇرچە 1-نەشرى، 1-توم، 138-، 137-، 92-بەتلەر.

⑯ مەھمۇد كاشغەرىي :«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1984-يىل. ئۇيغۇرچە بىرىنچى نەشرى 3-توم، 307-بەت

⑰، ⑱، ⑲، ⑳ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىل، ئۇيغۇرچە 1-نەشرى، 1-توم، 412-، 83-، 197-، 377-بەتلەر.

㉑ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983-يىل، ئۇيغۇرچە 1-نەشرى، 2-توم، 404-بەت.

㉒، ㉓، ㉔، ㉕، ㉖ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984-يىل، ئۇيغۇرچە 1-نەشرى، 3-توم، 466-، 392-، 323-، 327-، 573-بەتلەر.

㉗، ㉘، ㉙ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىل، ئۇيغۇرچە 1-نەشرى، 1-توم، 626-، 638-، 544-بەتلەر.

㉛، ㉜ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىل، ئۇيغۇرچە 1-نەشرى، 1-توم، 578-، 564-بەتلەر.

㉝ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984-يىل، ئۇيغۇرچە 1-نەشرى، 3-توم، 31-بەت.

㉟، ㊱، ㊲، ㊳ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىل، ئۇيغۇرچە 1-نەشرى، 1-توم، 504-، 590-، 464-، 464-بەتلەر.

㉚، ㉞، ㊴، ㊵، ㊻، ㊿ ئىسرائىل يۈسۈپ، ئەنۋەر قاسىم ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي زامان يىپەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى توغرىسىدا، مەھمۇد كاشغەرىي ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» ماقالىلەر توپلىمى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2008-يىلى ئۇيغۇرچە 1-نەشرى، 168-، 167-بەتلەر. ئاپتورلار بۇ نەقىلنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 2005-يىلى نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»غا كىرگۈزۈلگەن «ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلاردىن شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمىي ئەجدادلارنىڭ يىپەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىگە نەزەر» دېگەن ماقالىسىدىن ئالغان.

㊶ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىل، ئۇيغۇرچە 1-نەشرى، 1-توم 672-بەتلەر.

42، 43 مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىل، ئۇيغۇرچە 1 - نەشرى، 3 - توم، 44 -، 46 - بەتلەر.

44 مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىل، ئۇيغۇرچە 1 - نەشرى، 1 - توم، 628 - بەت.

45 مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىل، ئۇيغۇرچە 1 - نەشرى، 3 - توم، 239 - بەت.

47، 48 مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىل، ئۇيغۇرچە 1 - نەشرى، 1 - توم، 467 -، 579 - بەتلەر.

49 مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل، ئۇيغۇرچە 1 - نەشرى، 2 - توم، 36 - بەت.

50 مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل، ئۇيغۇرچە 1 - نەشرى، 1 - توم، 614 - بەت.

51 مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىل، ئۇيغۇرچە 1 - نەشرى، 3 - توم، 212 - بەت.

52 مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىل، ئۇيغۇرچە 1 - نەشرى، 1 - توم، 584 - بەت.

53 مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىل، ئۇيغۇرچە 1 - نەشرى، 3 - توم، 361 - بەت.

54 مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىل، ئۇيغۇرچە 1 - نەشرى، 1 - توم، 464 - بەت.

56، 57، 58 مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىل، ئۇيغۇرچە 1 - نەشرى، 1 - توم، 594 -، 624 -، 625 - بەتلەر.

59 گېئورگى پىنائۇلت، شىنجاڭدىن تېپىلغان تۇخرىيچە قول يازمىلار ۋە بۇددىزم ۋەسىقىيلىرى، شىنجاڭ تەزكىرىسى 2013 - يىل 2 - سان، 4 - بەت، تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۇمەن تەرجىمىسى.

60، 61 مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىل، ئۇيغۇرچە 1 - نەشرى، 3 - توم، 50 -، 590 - بەتلەر.

62، 63 مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل، ئۇيغۇرچە 1 - نەشرى، 2 - توم، 63 - 64 - بەتلەر.

64، 65 مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىل، ئۇيغۇرچە 1 - نەشرى، 1 - توم، 225 -، 412 - بەتلەر.

66، 67، 68، 69، 70 مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىل، ئۇيغۇرچە 1 - نەشرى، 3 - توم، 416 - بەت، 78 -، 43 -، 127 -، 309 - بەتلەر.

71 مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل، ئۇيغۇرچە 1 - نەشرى، 2 - توم، 131 - بەت.

72، 73، 74 مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىل، ئۇيغۇرچە 1 - نەشرى، 3 - توم، 178 -، 416 -، 582 - بەتلەر.

75، 76 مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل، ئۇيغۇرچە 1 - نەشرى، 2 - توم، 38 -، 503 - بەتلەر.

77، 79، 79 مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىل، ئۇيغۇرچە 1 - نەشرى، 1 - توم، 329 -، 430 -، 591 - بەتلەر.

80 مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل، ئۇيغۇرچە 1 - نەشرى، 2 - توم، 349 - بەت.

81، 82، 83، 84، 85 مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىل، ئۇيغۇرچە 1 - نەشرى، 1 - توم، 509 -، 265 -، 283 -، 347 -، 225 - بەتلەر.

86 مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل، ئۇيغۇرچە 1 - نەشرى، 2 - توم، 341 - بەت.

87، 88، 89 مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىل، ئۇيغۇرچە 1 - نەشرى، 1 - توم، 250 -، 272 -، 83 - بەتلەر.

90 مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىل، ئۇيغۇرچە 1 - نەشرى، 3 - توم، 382 - بەت.

91 مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىل، ئۇيغۇرچە 1 - نەشرى، 1 - توم، 471 - بەت.

92، 93، 94، 95، 96، 97 مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل، ئۇيغۇرچە 1 - نەشرى، 2 - توم، 390 -، 154 -، 194 -، 40 -، 283 -، 283 - بەتلەر.

98، 99 مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىل، ئۇيغۇرچە 1 - نەشرى، 3 - توم، 580 -، 307 - بەتلەر.

(ئاپتور: شىنجاڭ كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا)


تۆگىلەرەي ،تۆگىلەر-
نەگە بارغان تۆگىلەر-
تۈزغا بارغان تۆگىلەر-
تۈزۈك نەدە چۈشۈپ قالدى-
ئۇلۇغ يولدا چۈشۈپ قالدى-
تاسقاپ _ تاسقاپ ئەكىلىڭلار-
تاسقاي دىسەم غەلۋىر يوق -
غەلۋىر دېگەن ئۆگزىدە -
چىقاي دېسەم شوتا يوق-
شوتا دېگەن دەرەختە-
كېسەي دېسەم پالتا يوق.
پالتا دېگەن قازناقتا.
ئاچاي دېسەم ئاچقۇچ يوق.
ئاچقۇچ دېگەن مىسكەردە.
ئالاي دېسەم پۇلۇم يوق.
بىر پۇڭغا بەرمەيدۇ.
ئىككى پۇلغا ئالغۇم يوق




主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑出版:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路 716 号文联大楼 14 层)
电话:(0991)4554017　传真:(0991)4559756
发行:乌鲁木齐市邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一连续出版物号:CN65—1130/I
国际标准连续出版物号:ISSN1004—3829
代号:58-60　广告许可证号:6500006000040
E-mail:mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
国外发行:中国图书进出口总公司
印刷:新疆日报社印务中心
邮编:830001　定价:6.00 元

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت
Tel: 0991- 4554017 Fax:0991-4559756
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65- 1130/I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58 باھاسى: 6.00 يۈەن
پوچتا نومۇرى: 830001
E-mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:1130BM
ئېلان ئىجازەتنامە نومۇرى:6500006000040